


بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ
وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعاً وَلاَ تَفَرَّقُوا
جوڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
المسلم الصيني
2004
1

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




▲2004-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدىكى چەتئەل ئەلچىلىرى، مۇسۇلمان ئەربابلارغا قوربان ھېيتلىق زىياپەت بېرىپ ھېيتنى بىللە ئۆتكۈزدى .



▲زىياپەتتە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى چەت ئەل ئەلچىخانىسى خادىملىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلىدى .




▲2003-يىل 12-ئاينىڭ 22-كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا تېھراندا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىسلام دۇنياسىدىكى پۇرسەت ۋە خىرىس مەزمۇنىدا خەلقئارالىق يىغىن»غا قاتناشقاندا، ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى.



▲ ئىراندا ئۆتكۈزۈلگەن 11-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق «قۇرئان كەرىم» كۆرگەزمىسىدە، ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى جۇڭگو كۆرگەزمىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە جۇڭگو خادىملىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلاشتى.



▲جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بېيجىڭ خەلقئارا ئايروپورتىدا ھەج خىزمىتى ئۆمىكىدىكەرنى ئۇزىتىپ، ئۇلارغا ئاق يوللۇق تىلىدى .



▲ جۇڭگو ھاجىلىرى ئەرافاتتىكى چېدىردا تەبلىغ ئاڭلىماقتا .





شەمشىددىن ھاجى قاتارلىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى مەسئۇللىرى جۇڭگونىڭ جىددە شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئەلتۈركى بىلەن سۆھبەتلەشتى .

## «قۇرئان كەرىم»دىن

كەمتەرلىك توغرىسىدا

كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.

— سۈرە «قەسەس» (28- سۈرە)، 76—77- ئايەتلەر

سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەر قانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن.

— سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)» (17- سۈرە)، 37- ئايەت

”كىمكى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ غادىيىپ ماڭىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان ھالدا مۇلاقات بولىدۇ“ (ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

## «ھەدىس شەرىف»تىن

## ئالاھىدە خەۋەرلەر

جيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرى بىلەن چاغىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى............ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(4)
رەھبىرىمىز سەيپىدىن ئەزىزىنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز...............ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(5)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئەمەل ۋە ئېتىقادتىكى ئىخلاس توغرىسىدا............. ئابدۇرەھمان ئىسمائىل(6)
ئىسلام دىنى ۋە مېھىر-شەپقەت.............. ئابدۇلئەزىز ئاخۇن ھاجى(10)
ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق نۇقتىئىنەزىرى...............داۋۇت قارى(12)

## «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» دىكى تىلاۋەت سەجدىسى ھەققىدە...............ئابابەكرى قارىم ھاجىم(15)
«قارىئە» سۈرىسىدە قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش
...............جارۇللا يۈسۈپ(19)

## شەرىئەت ئەھكاملىرى

مال بوغۇزلىغاندا............... ياقۇپ ھەمدۇللا(22)

## ۋەز-تەبلىغ

ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى...............(26)
مۇسۇلمانلار نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك...............(31)
مۇسۇلمانلار تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددى-ساددا بولۇشى، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق
قىلىشقا قارشى تۇرۇشى كېرەك...............(37)

## كلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش
...............مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى(42)

## ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

قەبرىستان ئىسلاھاتىدىكى نەمۇنە...............ھاجى مەھمۇدى(49)

## مەسچىت-مەدرىسلەر


كۇچا قىغدۇۋك جامەسى...............ھۈسەيىن ئىمىن ھاجى(51)

## «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى — ئىناق-ئىتتىپاقلىق مەشئىلى...............غوپۇرجان شېرىپ(54)
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مەدھىيە...............ئابدۇكېرەم قارىم(53)

## خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئىراندا خەلقئارالىق ئىسلام يىغىنىغا قاتناشتى
...............ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(56)



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)
(ئومۇمىي 70-سان 总第70期)
باش مۇھەررىر:
شەمشىدىن ھاجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ھاجى بارات رەجەپ
تەكلىپلىك تەھرىر:
ئادىل ھاجى كېرەم
تېخنىك تەھرىرى:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
شەمشىنۇر ھوشۇر
主　　编: 夏米西丁・哈吉
副 主 编: 巴拉提・热吉甫
特邀编辑: 阿迪力・阿吉克力木
技术编辑: 安瓦尔・穆罕默德
封面设计: 夏美希努尔・吾守尔
刊号 ISSN1007-5836: خەلقئارالىق نومۇرى
CN11-1346/B: دۆلەت ئىچى نومۇرى
邮发代号: 58—167: پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720
国外代号: Q1720

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە


ئىراندا خەلقئارالىق «قۇرئان كەرىم» كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى..........ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(56)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارىيلارنى ئەۋەتىپ خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتۇردى..............................ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(18)
مىسىرلىق قارىيلار مەملىكىتىمىزدە رامىزانلىق قىرائەتتە بولدى............ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(18)
بىر تۈركۈم تالىپلار چەتئەلدىكى دىنىي ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇشقا يۈرۈپ كەتتى..............................ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(50)


## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى..............................ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(57)
ۋاڭ لىچۈەن يېڭى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.....(58)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى..............................
..............................ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(58)
2004- يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى..............................ھاجى مەھمۇدى(59)
قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى.....ھەبىبۇللا مەتسەيدى(41)
يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىللىق خىزمەتلەردىن خۇلاسە يىغىنى ئاچتى
..............................ئىمىن ساۋۇت(48)


## ئىسلام مائارىپى


تۇنجى قارارلىق ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ دىنىي زاتلار كۇرسى ئاياغلاشتى
..............................ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى(61)
شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى 3-قېتىملىق «قۇرئان كەرىم» قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ..............................شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى(25)
تۇرپان ۋىلايىتىدە دىن ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدىكى تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى..............................شاھمەردان ئىمىننىياز(62)
لوپ ناھىيىسىدە 26 نەپەر تالىپ تەربىيىلەندى..............................تۇرسۇنتوختى مەتمىن(62)



## تۆھپىكار دىنىي زاتلار


ئۆمەرجان مۇھەممەدى، سادىق قارىم، غوپۇرجان ياقۇپ، نۇرمۇھەممەد مەخمۇت، تۇرسۇنتوختى مەتمىن، يۈسۈپجان مۇھەممەد، ھەسەن داۋۇت، تۇرغۇن ئوبۇل، ئۆمەر ئەيسا ئەھەت مۆمىن، شاھمەردان ئىمىننىياز، ئابدۇۋەلى ئەخمىدى قاتارلىقلار خەۋىرى..............................(62)


## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار


غوپۇرجان ياقۇپ، ئۆمەرجان مۇھەممەدى، سادىق قارىم، مەتقاسىم ئابدۇۋېلى، ھەسەنجان قۇربان، رەيھانگۈل تۇراق، تۇرسۇنجان تۇردى قاتارلىقلار خەۋىرى.............................. (64)


(بۇ سان 2004-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى)




2004

1

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېل: 83520073 ، 63513181 - 010
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001
تېل: 0991-2566193
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەتئەللەرگە تارقىتىدۇ. (بېيجىڭ 399- خەت ساندۇقى)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街103号
邮编：100053
电话：(010) 63513181，83520073
新疆发行站:乌鲁木齐市延安路119号
邮编:830001电话：(0991) 2566193
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京399信箱)

# جيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** مەركىزى كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن 2004-يىلى 1-ئاينىڭ 14-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنى جۇڭنەنخەيگە تەكلىپ قىلىپ چاغانلىق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى خۇ جىنتاۋ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىدى. مەركىزى كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈي(خۇيزۇ)، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى خۇا جيەنمىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزى كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ قاتارلىقلار سۆھبەتتە بىللە بولدى. مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. سۆھبەت يىغىنىدا، رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى.

جيا چىڭلىن دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ''ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش'' مۇھىم ئىدىيىسىنى دىنىي خىزمەتلەرگە ئومۇمىي يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتى جەھەتتىكى تۈپ يۆنىلىشى ۋە تۈپ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك.

رەئىس جيا چىڭلىن مۇنداق دېدى: ئۆتكەنكى بىر يىلدا، مەملىكىتىمىز دىنىي خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك، دىنىي جەھەتتىكى ۋەزىيەت ياخشى بولدى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مەركەزنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى تۈپ يۆنىلىشى ۋە تۈپ سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ۋە قەتئىيلىكىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلۈكسىز نۆۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىشلەرنى ھاسىل قىلدى. ۋەتەننى سۆيىدىغان دىنىي تەشكىلاتلار ئومۇمىي يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ئاڭلىق ھالدا مۇلازىمەت قىلىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

جيا چىڭلىن مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن ئاچقان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولۇپ، ئۇ ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، تاشقى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ مەملىكىتىمىزگە سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇش، تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئومۇمىي يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

جيا چىڭلىن مۇنۇلارنى ئۈمىد قىلدى: دىنىي ساھەدىكىلەر '' ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش '' مۇھىم ئىدىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىن خىزمىتى يۆنىلىش ۋە سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياخشى ياردەمدە بولۇپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىغا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. كەڭ ئېتىقادچى ئامما بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيۇشۇش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ دىققىتىنى ئىگىلىك تىكلەش، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ كۆپرەك يېتەكلەش لازىم. ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتە ئاڭلىق تۈردە چىڭ تۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش لازىم. دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشكە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشقا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىگە پائال قاتنىشىشقا يېتەكلەش كېرەك. دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە، دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېتىشىشقا يېتەكلەش كېرەك. دىنىي ئىشلارنى مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇش پرىنسىپىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇش لازىم. ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان لاياقەتلىك دىنىي خادىملار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ليۇ شۇشياڭ، يۈي جېنگۈي، شى شېڭلىن، خەن شېڭگۈي، ما جۇڭجى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرېقىپ داموللا قاتارلىقلارمۇ تەكلىپكە بىنائەن سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلدى.

# رەھبىرىمىز سەيپىدىن ئەزىزىنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز



**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى، سىياسىيون، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى، 1-، 2-، 3-، 4-، 5-، 6-، 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى سەيپىدىن ئەزىزى كېسەل سەۋەبىدىن، 2003-يىلى 11-ئاينىڭ 24-كۈنى سائەت 6 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە بېيجىڭدا 88 يېشىدا ۋاپات بولدى.

11-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ مېيىتى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى بېيجىڭدىكى باباۋشەن ئىنقىلابى قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا ئۆتكۈزۈلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن خۇ جىنتاۋ، زېڭ چىڭخوڭ، ۋاڭ لېچۈەن، خۇي لياڭيۈي، خې گوچياڭ قاتارلىقلار سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ جەسىتى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشتى؛ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ كېسەل ئېغىرلاشقان مەزگىلدە ۋە ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كېيىنمۇ خۇ جىنتاۋ، جياڭ زېمىن، ۋۇ باڭگو، ۋېن جياباۋ، جيا چىڭلىن، زېڭ چىڭخوڭ، خۇاڭ جۈ، ۋۇ گۈەنجېڭ، لى چاڭچۈن، لو گەن قاتارلىق رەھبەرلەر دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلىدى ياكى ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئائىلە تاۋاباتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى.

سەيپىدىن ئەزىزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئەلى ليۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇھەممەد سەيد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، سىددىق ما جۇڭجې قاتارلىقلار سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ سەمىمىي ھال سورىدى.

سەيپىدىن ئەزىزى 1915-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنى شىنجاڭ ئاتۇشتىكى داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر كارخانىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان. 1944-يىلى شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتىدە پارتلىغان "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى"غا قاتنىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرغان. سەيپىدىن ئەزىزى 70 نەچچە يىللىق ئىنقىلابىي ھاياتىدا، ھەقىقەتكە ئىزچىل ئىنتىلىپ، پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلققە ئىزچىل تۈردە سادىق بولۇپ، پۈتۈن زېھنىنى جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئىدىيە، سىياسىي، ھەرىكەت جەھەتتە ئىزچىل تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىدى. ئۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۈچ ئەۋلاد ئاساسلىق رەھبەرلىرى يولداش ماۋ زېدوڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىنلار بىلەن ناھايىتى سەمىمىي چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى. ئۇ كېسەلى ئېغىرلاشقان مەزگىللەردىمۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا يەنىلا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى.

سەيپىدىن ئەزىزى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىگىمۇ ناھايىتى ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى، 1952-يىلى 7-ئايدا، ئۇ بۇرھان شەھىدى، ليۇ گېپىڭ، دا پۇشىڭ، ما جيەن، پاڭ شىچيەن، ياڭ جىڭرېن، ما يۈيخۇەي قاتارلىق جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1993-يىلى 12-ئايدا جۇڭگو ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلغاندا، يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلىپ، يىغىن ئەھلىگە ئىلھام بېغىشلىغان ۋە جۇڭگو ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا مەدەت بەرگەنىدى.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھاياتى ئىنقىلابى ھايات، جەڭگىۋار ھايات، شانلىق ھايات، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھايات. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى تارىخ بەتلىرىدە مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ.

2003-يىل 11-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ جەسىتى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىلىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق سارىيىدا تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ۋە 11-ئاينىڭ 27-كۈنى چۈشتىن كېيىن مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، جەسىتى ئۈرۈمچى قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىدا قويۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئەمەل ۋە ئېتىقادتىكى ئىخلاس توغرىسىدا

ئابدۇرەھمان ئىسمائىل

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

''ئىخلاس'' سۆزى ئەرەب تىلىدىكى ''خالىس'' (الخالص)يەنى ھېچقانداق غەيرى نەرسە ئارىلاشمىغان ساپ، پاكىز دېگەن مەنىدە كېلىدىغان سۆز تومۇرىدىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستىلا مەنىسى ئەمەل ۋە ئېتىقادنى غەيرى، بۇزۇق غەرەزلەرنى ئارىلاشتۇرماي ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلىش دېگەن بولىدۇ(ئەرەبلەر ھېچ نەرسە ئارىلاشتۇرمىغان ساپ سۈتنى ''خالىس سۈت''، ساپ ھەسەلنى''خالىس ھەسەل'' دەپ ئاتايدۇ. سۈت ياكى ھەسەلگە كىچىككىنە غەيرى نەرسە قوشۇلسا بۇنى خالىس دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىمايدۇ).

«قۇرئان كەرىم»دىكى 112-سۈرىمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىك-بارلىقىنى، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ھېچقانداق بىر مەۋجۇدات ئۇنىڭدىن مەڭگۇ بىھاجەت بولالمايدىغان پەۋقۇلئاددە تەڭداشسىز زات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان سۈرە بولغانلىقى ھەمدە بۇتپەرەسلىك، ئاتەشپەرەسلىك قاتارلىق ھەرخىل خۇراپىي ئىدىيەلەردىن ئۈزۈل-كېسىل ئادا-جۇدا بولۇپ، ياراتقۇچىسىنىڭ بىرلىك-بارلىقى ۋە چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى پولاتتەك پاكىت سۈپىتىدە ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك-تۈمەن مەۋجۇداتلارنىڭ بىردىنبىر ئىجادچىسى بولغان بىر ئاللاھقىلا خالىس ئېتىقاد قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان سۈرە بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىخلاس»سۈرىسى دەپ ئاتالغان.

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش قانداقتۇر دۇنيالىق ئىشلارغا ئوخشاش پەقەت شەكلەن ئادا قىلىپ قويسىلا ئىش پۈتىدىغان، ھاشار-سېلىق ۋە باشقا جىسمانىي ئەمگەككە ئوخشاش نوقۇل جىسمانىي كۈچ بىلەنلا ئادا قىلىپ قويسا بولۇۋېرىدىغان پائالىيەت ئەمەس. ئىبادەت شەكىل جەھەتتىن ھەرقانچە مۇكەممەل ئادا قىلىنسىمۇ، لېكىن مەنىۋى جەھەتتىن بارلىق دۇنياۋى غەرەزلەردىن مۇستەسنا ھالدا پەقەت خالىس ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈنلا بولمىسا، ئىبادەت قىلىۋاتقان ھالەتتىكى ئېتىقادى ئاپپارات(دىققەت يۈزلىنىشى) پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا دەلمۇ-دەل توغرىلانمىسا، بۇ ئىبادەت ئاللاھقا ھەقىقىي يارايدىغان ئىبادەت قاتارىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئىبادەت قىلغۇچى كىشى شەكلى جەھەتتىن ئاللاھقا ھەقىقىي يۈزلەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسى مەخسۇس ئاللاھ تەرىپىگىلا قارىتىلماي قالسا ئۇنىڭ ئېرىشىدىغىنى ئاللاھ رىزالىقى ۋە ئاللاھنىڭ ساۋاب مۇكاپاتى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدىكى پەرىشانلىق سۈرىتىلا بولىدۇ، خالاس!.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق، ھەر كىشىگە ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ، كىمكى ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ؛ كىمكى دۇنيادا پۇل-مالغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ''**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ مەقبۇل بولۇش-بولماسلىقى پەقەت نىيەتكە باغلىق. سىزنىڭ ياخشى يوللارغا ھەرقانچە تاغدەك ئالتۇن-كۈمۈش سەرپ قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىز بۇنى ئاللاھ ئالدىدا

ھېساب بېرىشنى ئويلاپ، ئاللاھقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسسىياتىڭىز بىلەن ئاللاھ رىزالىقىنىلا كۆزلەپ قىلماي ''ئاللاھمۇ رازى بولسۇن، 'ئاتانمىغان ئەردىن ئاتانغان دۆڭ ياخشى' دېگەن ماقال باركەن، كۆپچىلىكمۇ مەندىن مىننەتدار بولۇپ قالسا، كۆپچىلىك ئىچىدە نامىممۇ چىقىپ قالار'' دەپ ئەبجەش نىيەت بىلەن قىلسىڭىز، كۆپچىلىك ئالدىدا نامىڭىز چىقسىمۇ ئاللاھ تائالا ئالدىدا بۇ ئەمەلىڭىز ئۆلگە تەڭ بولۇپلا قالماي، ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرگەن بولۇپ ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىسىز. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 48-ئايەت}.

شۇڭلاشقا بىز جىسمانىي كۈچىمىز ياكى ئەقلى كۈچىمىز شۇنداقلا ئىقتىسادى بايلىقىمىز ئارقىلىق بولسۇن ياخشى ئىشلارنى ھەر ۋاقىت ئۈزۈلدۈرمەي قىلىپ تۇرۇشىمىز لازىم. لېكىن بۇ ئىشلارنى قىلغان چېغىمىزدا چوقۇم ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن خالىس قىلىشىمىز كېرەك. ئىبادەت مېۋىلىرىمىزنى نابۇت قىلىپ تاشلايدىغان، باشقىلارنىڭ سوۋغا-سالاملىرى ۋە تەشەككۇر ماختاشلىرىغا ئېرىشىش نىيىتىدىن ئىبارەت بۇ زىيانداش ھاشارەتنىڭ دىل بېغىمىزغا كىرىپ قېلىشىدىن قاتتىق پەخەس بولۇشىمىز لازىم. بىز ھەرخىل ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان چېغىمىزدا دۇنياۋى غەرەزلەردىن خالىي ھالدا پەقەت ئاللاھ رىزالىقىنىلا كۆزلىسەك، باشقىلارنىڭ بىزنى ماختاش-ماختىماسلىقىغا قىلچە پەرۋا قىلمايدىغان بولساق ئاندىن ئىبادەت-ئەمەللىرىمىزنىڭ مېۋىسىگە(يەنى ساۋابىغا) ئېرىشەلەيمىز.

سۇپيان سەۋرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم كېلىپ رەسۇلۇللاھدىن: ''يا رەسۇلۇللاھ، مەن ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن كۆپ سەدىقە قىلىپ تۇرىمەن، كۆپچىلىك ئىچىدە نام چىقىرىشنىمۇ ئارزۇ قىلىمەن'' دېدى. مۇشۇ چاغدا رەسۇلۇللاھقا مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: **"كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن(يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن"** {سۈرە«كەھف» (18-سۈرە)، 110-ئايەت}. مانا بۇ ئايەت، ياخشى ئىشلارنى قىلغاندا باشقىلارنىڭ باھاسىغا ئېرىشىشنى تاما قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، بىز ياخشى ئىشلارنى قىلغان چېغىمىزدا ئىمكانقەدەر بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم ئۇقماي قالغۇدەك دەرىجىدە خالىس قىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ داغدۇغا پەيدا قىلىپ، قىلغان ئىشىمىزنى باشقىلار ئالدىدا كۆز-كۆز قىلىپ داۋراڭ سېلىپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **''ئاللاھ تائالاغا پۈتۈن خالايىقنى توپلىغاندا بىر تۈۋلىغۇچى تۈۋلايدۇ: 'قانداق كىشى ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ئەمەلىدە باشقا بىرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن بولسا ئۇنىڭ ساۋاب مۇكاپاتىنى ئاللاھنىڭ غەيرىيدىن تېپىۋالسۇن. ئاللاھ بولسا ئۇ شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى شېرىكلەر ئىچىدە ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق شېرىككە مۇھتاج بولمايدىغاندۇر'** ''(«مىشكاتۇل مەسابىھ»دىن).

قەلبىمىزنىڭ ساپ، ئېتىقادىمىزنىڭ خالىس بولۇشى — ئەمەل ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي خالىس بولۇشى ۋە مەقبۇل بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مەسىلەن، بىز دۇئا قىلغان چېغىمىزدا ئاللاھقا بولغان خالىس ئېتىقادىمىز بولمىسا، ئاغزىمىزدا تىلەكلىرىمىزنى ئاللاھدىنلا تىلەۋاتقاندەك تۇرساقمۇ، ئاللاھتىن غەيرى بارلىق نەرسىلەردىن ئۈمىد-ئېتىقادىمىز پۈتۈنلەي ئادا-جۇدا بولمىسا، دۇئايىمىز ئىجابەت بولماي قالىدۇ. «دۇررەتۇننىاسىھىين» دېگەن كىتابنىڭ ''دۇئا توغرىسىدا'' دېگەن بابىدا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **''بىلىپ قويۇڭلاركى، غاپىل دىل بىلەن قىلىنغان دۇئا مەقبۇل قىلىنمايدۇ''**(بۇ يەردىكى غاپىل دىل دېيىلگىنى غەپلەت ۋە ھاۋايى ھەۋەس قاپلىغان، مەخسۇس ئاللاھقىلا يۈزلەنمىگەن، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت ۋە ئېتىقادى ھارارەت يالقۇنجاپ تۇرمىغان دىل دېگەن بولىدۇ).

ئۇندىن باشقا ھازىر خېلى بىر قىسىم ئۆزىنى ئىخلاسمەن چاغلايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇغان نامىزىدىمۇ مەسىلە بار. ئۇلار نامازلىرىنى ئىنتايىن پەرۋاسىزلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، رۇكۇ-سەجدىلىرىنىمۇ راۋۇرۇس كەلتۈرۈپ ئوقۇمايدۇ. رۇكۇ قىلغاندا خۇددى بەللىرى ئېگىلمەس بولۇپ قالغاندەك تولۇق ئېگىلمەيدۇ. رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندىمۇ راۋۇرۇس ئەر كىشىدەك بېشىنى كۆتۈرۈپ، نورمال نەپەسلىنىپ بەدەننى بوشاشتۇرۇپ، ئاندىن سەجدىگە چۈشمەي، رۇكۇدىن بېشىنى چالا

كۆتۈرۈپلا سەجدىگە چۈشىدۇ، سەجدە قىلغاندىمۇ بېشىنى يەرگە قويا-قويمايلا باش كۆتۈرۈپ بولىدۇ. سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە رەسمى بىر ئولتۇرۇپ، تولۇق نەپەسلىنىپ بەدەننى بىمالال بوشاشتۇرۇپ ئاندىن 2-سەجدىگە بارماي، ئالدىراپ كەينى-كەينىدىن سەجدە قىلىدۇ، مانا بۇ ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدىكى روھى ھالەتنىڭ ئاللاھقا ھەقىقىي يۈزلەنمىگەنلىكىنىڭ ۋە ئاللاھقا ھەقىقىي ئىخلاسمەن بولمىغانلىقىنىڭ ئالامىتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ مۇسا دېگەن ساھابە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ بولۇپ ئولتۇراتتى، بىر ئادەم كىرىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. لېكىن رۇكۇ ۋە سەجدە ئارىلىقىدا بەدەننى بوشاشتۇرۇپ بىمالال ھالەتتە ئوقۇماي توخۇ دان چوقۇلىغاندەك ئوقۇدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىغا: "**مانا سىلەر بۇ ئوقۇلغان نامازنى كۆردۈڭلار. بۇ ناماز ئوقۇغان كىشى مۇشۇ ھالىتى بويىچىلا ناماز ئوقۇپ ئۆلۈپ كەتسە مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىنىڭ غەيرىيدىن ئۆلگەن بولىدۇ. بۇ كىشى نامازنى قاغا قان چوقۇلىغاندەك چوقۇلاپ ئوقۇدى**" دېدى(«كىتابۇلكەبائىر» دېگەن كىتاب 26-بەتكە قارالسۇن).

ھەرقانداق ئەمەل ئىبادەتنى خالىس ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈنلا قىلماي رىيا بىلەن قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا «مىشكاتۇل مەسابىھ» دېگەن كىتابنىڭ "ئىلىم توغرىسىدا" دېگەن بابىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: خالايىقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال ھۆكۈم قىلىنىدىغان كىشى — ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئادەم ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دۇنيادا ئاتا قىلغان نازۇنېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن: "**بۇنىڭغا قارىتا مېنى رازى قىلغۇدەك نېمە ئىش قىلىپ كەلدىڭ؟**" دەپ سورايدۇ(لېكىن ئاللاھ ئۇنىڭ قىلمىشىنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ) ئۇ كىشى: "سېنىڭ رىزالىقىڭنى ئىزدەپ كۈرەش قىلىش جەريانىدا شېھىت قىلىندىم" دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: "**يالغان سۆزلىدىڭ! بەلكى سەن كىشىلەر تەرىپىدىن باتۇر دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانتىڭ ۋە شۇنداق نامغا ئېرىشتىڭ**" دەيدۇ. بۇ كىشى يۈزى بىلەن سۆرەپ ئېلىپ بېرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

يەنە بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن ھەم قۇرئان ئوقۇغان. ئۇ كىشى ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيادا ئاتا قىلغان نازۇنېمەتلىرىنى ئېسىگە سېلىپ ئۆتكەندىن كېيىن: "**سەن بۇنىڭغا يارىشا مەن رازى بولغىدەك نېمە ئىش قىلىپ كەلدىڭ؟**" دەيدۇ. ئۇ كىشى: "مەن ئىلىم ئۆگەندىم ۋە باشقىلارغا ئۆگەتتىم. سېنىڭ رىزالىقىڭنى كۆزلەپ قۇرئان ئوقۇدۇم" دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: "**يالغان سۆزلىدىڭ، بەلكى سەن خالايىق مېنى ئەجەب كاتتا ئالىمكەن، ئەجەب ياخشى قارى ئىكەن، دېسۇن دەپ ئىلىم ئۆگەندىڭ، قۇرئان ئوقۇدۇڭ**" دەيدۇ. ئۇ كىشىمۇ پۇتىدىن يۈزى بىلەن يەرگە سۆرەپ ئېلىپ بېرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

يەنە بىر كىشى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالا كۆپلەپ پۇل-مال بېرىپ پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان كىشى. بۇ كىشىدىنمۇ ئاللاھ تائالا: "**مەن ئۈچۈن خالىس نېمە ئىش قىلىپ كەلدىڭ؟**" دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى: "ئى ئاللاھ، سەن رازى بولىدىغان قانداقلا ئىش بولىدىكەن، مەن بىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويماي دېگۈدەك خالىس پۇل-مال چىقىم قىلدىم" دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: "**يالغان سۆزلىدىڭ! بەلكى سەن كىشىلەر تەرىپىدىن سېخىي دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ**" دەيدۇ. ئۇ كىشىمۇ يۈزى بىلەن سۆرەپ ئېلىپ بېرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ(مۇسلىم رىۋايىتى).

يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك كىشى دۇنيادىكى چاغلىرىدا نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپ ئاز بولمىغان بەدەللەرنى تۆلىدى. بىرسى ئاللاھ يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىنى قۇربان قىلدى. يەنە بىرى مىڭ بىر جاپادا ئىلىم ئۆگەندى، باشقىلارغا ئۆگەتتى، قۇرئان يادلىدى. يەنە بىرسى بولسا ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن پۇل-ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا ئايىماي سەرپ قىلدى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە دۇنيادىكى چاغدا بۇ كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىنتايىن يارىملىق بەندىلىرى ئىدى... بۇ كىشىلەر ئاخىرەتكە بارغاندا دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى ئاللاھقا ياراپ ئاللاھنىڭ ئىلتىپات-مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ جەننەتكە كىرەلىدىمۇ؟!...ئەپسۇس... تولىمۇ ئەپسۇس! ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر قىلغان ئەجىر-مېھنىتى، تىرىشچانلىقلىرى، ئەمەللىرى نېمە ئۈچۈن بىكار بولۇپ كەتتى؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ ئەجرى ۋە دەبدەبىلىك ھالدا قىلغان ئەمەللىرى ھەقىقىي ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈنلا خالىس نىيەت بىلەن قىلىنمىدى، سەممىيلىك بىلەن ئورۇنلانمىدى. شۇڭا بىز ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى: "**قىيامەت كۈنى سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزەڭلاردىن ئۆزەڭلار دۇنيادا ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭلار**" دېگەن تەلىمات بويىچە ئەمەل ئىبادەتلىرىمىزنى ۋاقتى-ۋاقتىدا دەڭسەپ كۆرۈپ تۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەممىيلىك بولسا ئىنسانلار بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بولسۇن ياكى ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بولسۇن كەم بولسا بولمايدىغان، ئىنسانلار هازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. سەممىي بولۇش دېگەنلىك — دىلدا توغرا، ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەهكەم نىيەت، ئىرادە تۇرغۇزۇش؛ دىلدىكى ئاشۇ نىيەت بىلەن ئەملى هەرىكەت بىردەك بولۇش يەنى تىلى بىلەن دىلى، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش، باشقىلار ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قالسا سەت تۇرىدىغان، داۋاملىق ئۆز-ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، مەسىلىلەرگە ئومۇمىي جەھەتتىن قارىماي بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتا بولىدىغان ئىللەتلەردىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. رىيا بولسا — سەممىي بولمىغان بىرخىل بىنورمال ناچار هېسسىياتتۇر. رىيا قىلغۇچى ئىنسان ئەمەلنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلغاندەك تۇرسىمۇ ئەمەلىيەتتە باشقىلارغا كۆرسىتىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا ئاللاھدىنلا ساۋاب ئۈمىد قىلىپ تۇرماي، باشقىلاردىن يۇقىرى باها تەمە قىلىدۇ. بىرەر خەير-ساخاۋەت قىلسا بۇنى باشقىلار ئۇقماي قالسا ياكى ساخاۋەت قىلىنغۇچى تەرەپتىن ئالاھىدە ماختاش ۋە تەشەككۈرلار بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلمىسا كۆڭلى هەرگىز ئارام تاپمايدۇ. مانا بۇ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىنىڭ ئاساسى سەۋەبلىرىدىن بىرى.

شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىلا ئويلايدىغان بىر تەرەپلىمىلىك كۆزقاراشلاردىن ساقلىنىپ، پۈتۈن كۆپچىلىكنىڭ ئاللاھ كۆرسەتكەن توغرا داغدام يولدا مېڭىپ، دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بېغىشلىشىمىز لازىم. توغرا يولنى ئېنىق بىلەلمەي يۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە هەرگىزمۇ قېيداپ-يامانلاپ قوپاللىق قىلماسلىقىمىز، هالاكەت زىندانىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقانلارغا قاراپ تۇرماي خالىس ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن سەممىي نەسىهەت قىلىشىمىز، دۇنيادىكى بەخت-سائادەت بىلەن ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتنى كۆپچىلىك ئورتاق قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

بەندىنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان ئاز-تولا ئەمەللىرىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلەپ مەغرۇرلىنىپ كېتىپ: "مەن چوقۇم ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق، ئاللاھنىڭ ئازابى ماڭا مەڭگۈ كەلمەيدۇ" دەپ پەرۋاسىز هالەتتە يۈرىشى تولىمۇ خەتەرلىك. شۇنداقلا گۇناھ-مەئسىيەتكە چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنلەرنىڭمۇ: "مەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيمەن، مېنىڭ بولغىنىم بولغان" دەپ چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى تېخىمۇ خەتەرلىك. بەندىنىڭ ئۆز ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولۇۋاتقان-بولمايۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلماسلىقى، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلماي بىپەرۋالىق قىلىشى، ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئاللاھدىن تىلەپ ئىلتىجا قىلماسلىقى تولىمۇ ئەقىلسىزلىق. **"قورقۇنچ ۋە ئۈمىد — ئىنسان ئۈچۈن قۇشتىكى بىر جۈپ قاناتقا ئوخشاش مۇھىم"**(هەدىس).

پەرۋەردىگارىمىز! بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلغىن. هەممىمىزنى ئۆزەڭ رازى بولىدىغان توغرا ئېتىقاد ئاساسىدا بىرلەشتۈرگىن، پەرۋەردىگارىمىز! بىز گۇناھ-مەئسىيەت يولىدىن سېنىڭ تەرىپىڭگە خىجىللىق ئىلكىدە كەچۈرۈم سورىغان هالدا قايتىپ كەلدۇق، بىزنى رەھمىتىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۈمىدسىز قايتۇرىۋەتمىگىن. ئامىن!

(ئاپتور: مارالبېشى ناهىيە چوڭقۇرچاق يېزىسىدىن مەسچىت ئىمامى ۋە خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن هاجى)

## قۇربانلىق تېرە پۇلى ئەڭ ساۋابلىق ئىشقا ئىشلىتىلدى

كۇچا ناهىيە كۇچا بازىرىغا قاراشلىق 26دىنى سورۇن 2003-يىللىق قۇربان هېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئېتىقادچى ئامما مەسچىتكە ئىئانە قىلغان تېرە پۇلىدىن 28180 يۈەن ئاجرىتىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىدىن ئۆتۈپ ئوقۇشقا بارغان بولسىمۇ ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرالماي مەكتەپتىن چېكىنىش ئالدىدا تۇرغان، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن بارغان 38 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

2003-يىل 10-ئاينىڭ 13-كۈنى قىيىنچىلىقى بار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا 6-نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى، كۇچا بازىرىغا قاراشلىق ساقساق ئاق مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ئاتاغلىق دىنىي ئۆلىما سىدىق قارى هاجى بىلەن 6-نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى، كۇچا ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى قاهار داموللا هاجى مۇراسىمغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئاتا-ئانىلىرىغا ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلىپ، بۇ قۇربانلىق تېرە پۇلى ئەڭ ئەهمىيەتلىك، ئەڭ ساۋابلىق ئىشقا سەرىپ قىلىندى، دەل جايىغا تەگكەن پۇل بولدى، دېدى.

(ئۆمەر ئابدۇللا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنى ۋە مېھىر-شەپقەت

❖ ئابدۇلئەزىز ئاخۇن ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قانداش تۇرۇقلۇق ھازىر قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى ئويلىسام تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن تۇغۇلۇپ، بىر-بىرىگە قانداش بولغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بىر-بىرىگە ناھايىتى رەھىمسىز بولۇپ كەتتى. مەن كىتاب-ماتېرىياللار(ھەدىس، قىسسە ۋە تارىخىي ماتېرىياللار)دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام نۇرىنى تارقاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە ساھابىلارنىڭ بىر- بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئىكەنلىكىنى ۋە بىر-بىرىگە بولغان ساداقىتىنى ئوقۇپ كۆرگەن چاغلىرىمدا ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن، شۇنداقلا ئۇلارغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ھەقىقىي ئىشىنىش ۋە ئىسلامىي دوستلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەتلىك ۋە ساداقەتمەن بولغان، ھەتتا دوستى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى ۋە قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغانىدى. ئەمما بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە قاراپ باقساق، ئۇلاردىكى مېھىر-شەپقەت ۋە چىن دوستلۇقتىن ئىزنى ئېچىش ناھايىتى قىيىن. كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە شەپقەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق ۋە خىيانەت قىلىشلىرى، ھەتتا دوستلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئائىلىسىگە چېقىلىشى ۋە بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدەك بىر قىسىم رەزىل جىنايى ئىشلارنىڭ ئىنسانلار ۋە ھەتتا دوستلار ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا قاراپ بۇ جەمئىيەتتىكى مېھىر-شەپقەت ۋە دوستلۇق پەقەت مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغانمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. چۈنكى مېھىر-شەپقەت ۋە دوستلۇق ھەققىدە بۈيۈك ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە بىز ئىنسانلارغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ. **”سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا(يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە(يەنى پۇل-مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار(يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر“** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 177-ئايەت}. ۋە يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: **”تۇل ئاياللارغا ۋە مىسكىنلەرگە خەير-ئېھسان قىلغۇچىغا ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ياكى كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابى بولىدۇ“** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ھازىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادقا بولغان ئېھتىياجى كۈنسېرى ئاشماقتا. ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە بولغان ئېھتىياج بىزنى كىشىلەرگە كۆيۈنۈش، مېھرى-شەپقەت ۋە ساداقەتنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى تونۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنى مېھىر-شەپقەتسىز، ساداقەتسىز، رەزىل، پەسكەش قىلىقلارغا مەجبۇرلىماقتا. يەنە بىر قىسىم نائەھلى كىشىلەر تېخىمۇ شەپقەتسىزلىشىپ ۋە رەزىللىشىپ، ئادەم ئالداپ سېتىش، كىچىك بالىلارنى ئالداپ چىقىپ، ئۇلارنى مەجبۇرىي تىلەمچىلىككە، ئوغرىلىققا سېلىشتەك رەزىل قىلمىشلارنى سادىر قىلىۋاتقان بولسا، نۇرغۇن نارەسىدە قىز قېرىنداشلىرىمىز ئۆز ۋۇجۇدىنى سېتىش، خىرۇئىنچى بەڭگە بولۇشتەك رەزىل ئىشلار بىلەن بۇلغانماقتا. بۇرۇنقى چاغلاردا بىرسى بىرەرسىگە ھاجەتمەن بولۇپ ياردەم تەلەپ قىلسا، ياردەم قىلغۇچى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ يەنە باشقا ھاجىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورايتتى. لېكىن ھازىرچۇ؟ مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە بىرسى ھەقىقىي ھاجەت بىلەن تەلمۈرۈپ ئالدىمىزغا كەلسە ياكى پۇل سورىسا، بىر مۇنچە كىشىلىرىمىز باركى، ئۇنىڭ سوغۇقتا نېمە بولۇشى بىلەن كارىمىز بولمايدۇ، ئىچىمىزدە ئۇنى پەس كۆرىمىز ياكى پۇل يوق دەپ كېتىپ قالىمىز. لېكىن رېستوران، تانسىخانىلاردا، شۇنداقلا ئەيش-ئىشرەت سورۇنلىرىدا پۇلنى ئايىماي

خەجلەيمىز. ھالبۇكى سايدىكى تاش چەكسىز غېرىبلىق ئىلكىدە يېتىۋاتقان بولۇپ، ئەگەر ئۇنى بىرەر مېھىر-شەپقەتلىك قول سىلاپ قويىدىغانلا بولسا ئۇ تاش تەسىرلىنىپ بولسىمۇ يېرىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئەپسۇس، بۈگۈنكى ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇنداق قول ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۈيۈك ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە يەنە مۇنداق دەيدۇ. ''**ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئانىڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا(يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ**'' {سۈرە«نىسا»(4-سۈرە)، 36-ئايەت}. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ. ''**دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەللەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىپ قىلمايدىغان ئادەمدۇر**'' {سۈرە «مائۇن» (107-سۈرە) 1—3-ئايەتلەر}. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ''**سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ**'' (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بىرمۇنچىلىرىمىز بۈگۈن ھەقىقەتەن قۇرئان ۋە ھەدىس روھىدىن بەكلا يىراقلاپ كېتىۋاتىمىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن. ''**سىلەردىن بىر كىشى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە، قولى بىلەن توسسۇن، ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن توسسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا دىلىدا ئۇنىڭغا نارازى بولسۇن، مانا بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر**''.

ئەي ئەقىل ئىگىلىرى! ئويلىنىپ باقايلى، مەيلى ئوغرى بولسۇن، خىروئىنكەش بولسۇن ياكى ئەخلاقى بۇزۇق قىز-ئايال بولسۇن، ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋاتقان شۇنداق ئىنسانلارغا ناۋادا چىن قەلبىمىزدىن مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، ياردەم قولىمىزنى سۇنساق، نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى يامان يولدىن توسساق ئۇ كىشىلەر تۈزەلمەسمۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر باركى، بىرەر ناچار ئىشنى قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرسە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ تىللاپ-قارغاپ كېتىشكە ئامراق. بىراق ئاشۇ ئىنسانلارنىڭ ياردەمگە، تەربىيىگە، مېھىر-شەپقەتكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئويلىمايدۇ ياكى بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ، ۋىجدانىغا ئەمەل قىلمايدۇ. لېكىن ھەقىقەت بىزگە شۇنى خىتاب قىلىدۇكى، مەنزىلگە پەقەت ۋە پەقەت چىن ئەقىدە-ئېتىقادلا يەتكۈزىدۇ. بۇرۇنقى ئالىملارمۇ. ''ئەقىدە بىلمىگەن نادان شەيتانغا ئەلدۇر، ئەگەر مىڭ يىل ئىبادەت قىلسا يەلدۇر'' دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرغان.

ئەي قېرىنداشلار، بىز نېمىگە تايىنىپ ئەقىدە-ئېتىقادلىق، مېھىر-شەپقەتلىك كىشىلەردىن بولالايمىز؟ ئەلۋەتتە ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى بۇ سوئاللار توغرىسىدا ئويلىنىشى، بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىپ، بۇ جاھاندا ئۆز قەدىر-قىممىتىنى تونۇپ، ھايۋاندىن پەرقلىق ھالدا ھەقىقىي ئادەمىيلىك ئىززىتى بىلەن ياشىشى كېرەك. بىز سۈزۈك بۇلاق سۈيىنى ئىچمەي ياكى ئىچەلمەي، قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان كۆلچەكلەردىكى لاي سۇدا ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشقا ئورۇنۇۋاتقان ئاشۇ بىچارە قېرىنداش دوست-بۇرادەرلىرىمىزنى ۋە قىزلىرىمىزنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇلارنى بۇلغانغان كۆلچەك سۈيىنى ئىچىشتىن مېھىر-شەپقىتىمىز ئارقىلىق ياندۇرۇپ، ئۇلارغا سۈزۈك بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىچىشكە مېھرىبانلىق بىلەن ئۈندىشىمىز. ئۇلارنى يامان ئىش ۋە يامان يوللاردىن قۇربىتىمىزنىڭ يېتىشىچە توسۇشىمىز، ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىشىمىز ۋە ئۇلارنى مۇشكۈل ئەمما پارلاق مەنزىلگە — ئىسلام دىنىدىكى مېھىر-شەپقەت، ساداقەت مەنزىلگە يېتەكلىشىمىز كېرەك. مېھىر-شەپقەت كەم بولسا كىشىلەرنىڭ تىنچ-ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈشىمۇ چوڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. جەمئىيەتنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان تۇرمۇش رىتىمى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مېھىر-شەپقەتنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز ئۈچۈن ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئويلىشى ۋە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك. مېھىر-شەپقەتسىز شارائىتتا تىنچ-ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئىناق-ئىتتىپاق بولۇش ۋە بەخت-سائادەتلىك ھاياتقا ئېرىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

خەلقىمىز ئىسلام دىنىدىكى مېھىر-شەپقەت ۋە ئەدەپ-ئەخلاقتىن ئايرىلىپ ئاز زىيان تارتمىدى، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، مېھىر-شەپقەت، ئەقىدە-ئېتىقاد، ئەدەپ-ئەخلاقتىن يىراقلىشىش بىزنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قاتتىق نامراتلىققا يۈزلەندۈرۈپ، بىزنىڭ جەسۇرانە روھىمىز ۋە ئىرادىمىزنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈندىن كۈنگە مەدەنىيەتسىز، ئىلىمسىز، نامرات، قالاق بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇيقۇمىزنى ئېچىپ بۈيۈك ئاللاھتىن بىر-بىرىمىزگە مېھىر-شەپقەت تىلەش بىلەن بىرگە بىر-بىرىمىزنى قەدىرلەيلى ۋە ھۆرمەتلەيلى! ھېچ بولمىغاندا ئۆز قەدىر-قىممىتىمىزنى تونۇپ، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن، شۇنداقلا كېلەچەكتىكى ئەۋلادلار ئۈچۈن پارلاق يول ئاچايلى!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق نۇقتىئىنەزىرى

داۋۇت قارى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پاكىزلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى تەشەببۇسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دىنىمىز بىز مۇسۇلمانلارنى ھەر جەھەتتىن پاكىز بولۇشقا چاقىرىدۇ. پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش، پاكلىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇش شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئېسىل خىسلىتىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. پاكىزلىق ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سۆيىدىغان، شۇنداقلا بارلىق ئالىيجاناب، ياخشى خىسلەتلىك كىشىلەرمۇ سۆيىدىغان، ئۇنى بەجا كەلتۈرگەن كىشى ساۋابقا ئېرىشىدىغان، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر بولغان ياخشى پەزىلەتلىك ئەمەلدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر**''(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك، ئىسلام دىنى پاكىزلىققا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، پاكىزلىقنى ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. شۇڭا ھەر بىر مۇسۇلمان پاكىزلىقنى ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئەقەللىي مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇشى ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىشى لازىم.

پاكىزلىق مەنىۋى پاكىزلىق ۋە ماددىي پاكىزلىق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. مەنىۋى پاكىزلىق

مەنىۋى پاكىزلىق ھەر قانداق ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىنى شېرىك ئەقىدە، خاتا كۆز قاراش ۋە بارلىق يامان نىيەتلەردىن پاك تۇتۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ''**ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**''{سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە) (108-ئايەت). شۇڭا ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، ئىچكى دۇنياسىنىمۇ پاكىزلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ تېشى قانچە پاكىز بولسىمۇ، قەلبى پاك بولمىسا، ھامان بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى ئاشكارا قىلىدۇ-دە، بۇ ئۇنىڭ تاشقى پاكلىقى ۋە كۆركەم قىياپىتىنى بۇلغاپ، ئۇنى ئاللاھ ئالدىدا، خەلق ئالدىدا يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان نىجىس مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا ھەر بىر مۆمىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قوش مۇكاپاتقا ئېرىشىمەن دەيدىكەن، چوقۇم قەلبىنى شېرىك ئەقىدە، تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئادالەتسىزلىك ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز قىزارتىش قاتارلىق مەنىۋى نىجاسەتلەردىن تازىلىشى لازىم. ھەر قانداق كىشىنىڭ ئەقىدىسى ساغلام، ئىمانى مۇكەممەل، نىيىتى دۇرۇس بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قەلبى پاك بولغان بولىدۇ. قەلب پاكلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى پاكلىققا ئېرىشكەن كىشىنىڭ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا، ئاخىرەتتە بولسا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشى مۇقەررەردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: '' **ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ**'' {سۈرە «شۇئەرا» (26-سۈرە)، 88-، 89-ئايەت}.

دىلنىڭ بايلىقى ھەقىقەتنى تونۇغانلارنىڭ قارىشىدا ھەقىقىي بايلىق ھېسابلىنىدۇ. مەنىۋى بايلىقتىن، دىل پاكلىقىدىن مەھرۇم قالغان كىشىنىڭ چىراي شەكلى قانچە گۈزەل، تاشقى قىياپىتى قانچە سالاپەتلىك، نەسەب-ئائىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى قانچىلىك يۇقىرى بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئۇ ھايۋاندىنمۇ قەدىرسىز ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**شەك-شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇشى ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغان بىلەنمۇ ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر. ئەنە شۇلار غاپىلدۇر**''{سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 179-ئايەت}.

شۇڭا ئەقلى جايىدا ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى نارازى قىلىش ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قارا نىيەتتىن قەتئىي ۋاز كېچىشى كېرەك. نەپسى ھەددىدىن ئاشقۇچىلار دۇنيادا ئۆزىنىڭ

پەسكەش نەپسىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، باسقۇنچىلىق قىلىشتەك بىنەقىل، هايۋانىي قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاقىۋەتتە قانۇننىڭ تورىغا چۈشىدۇ، تۈرمىگە كىرىپ ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىدۇ ياكى ئېتىلىپ تۈگەيدۇ. ئاخىرەتتە بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولۇشتەك ئېغىر يامان، ئېغىر ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇقەررەردۇر. شۇڭا هەر بىر ئىنسان نەپسىگە هاكىم بولۇپ، قەلبىنى روهىي گادايلىقتىن ۋە روهىي چىركىنلىكتىن قۇتقۇزۇشى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ساپ ئەقىدە، دۇرۇس نىيەتتە بولۇشى لازىم.

## 2. ماددىي پاكىزلىق

ماددىي پاكىزلىق پۈتۈن بەدەن، كىيىم-كېچەك، هويلا-ئارام ۋە ئاممىۋى سورۇن قاتارلىق جايلارنىڭ تۈرلۈك نىجاسەت ۋە مەينەتچىلىكتىن پاك بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئاللاھ هەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (هارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى هەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**''{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 222-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ''**شەكسىزكى ئاللاھ تائالا پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ. ئاللاھ تائالا سېخىدۇر، سېخىلىقنى ياقتۇرىدۇ. هويلا-ئاراڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار**''(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

تازىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى تەشەببۇسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى هەر جەهەتتىن بەجا كەلتۈرمىگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دوستى بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇش تاهارەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. هەممىمىزگە مەلۇمكى، ناماز ئوقۇش ئىسلام دىنىدىكى 5 پەرزنىڭ بىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسى هېسابلىنىدۇ. هەر بىر مۇسۇلمان بەدىنىنى، كىيىملىرىنى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئورنىنى پاكىزلىغان چاغدىلا ناماز ئوقۇش شەرتلىرىنى هازىرلىغان بولىدۇ. بۇ هەقتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**پاك بولۇش نامازنىڭ ئاچقۇچى**''(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). خۇددى قۇلۇپنى ئاچقۇچسىز ئاچقىلى بولمىغاندەك، بەدەن، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرىدىغان جاي پاك بولماي تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز مەقبۇل بولمايدۇ(دۇرۇس بولمايدۇ).

ماددىي پاكىزلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. بەدەن تازىلىقى: بەدەن تازىلىقى دېگەندە، جۇنۇپلۇقتىن ئۆزىنى پاك قىلىش لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار(يەنى غۇسلى قىلىڭلار)**''{سۈرە «مائىدە»(5-سۈرە)، 6-ئايەت}. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا جۇنۇپ بولۇپ قالغان كىشىنى غۇسلى قىلىشقا ئەمر قىلىدۇكى، غۇسۇلنىڭ هېكمىتى: بىرىنچىدىن، مۆمىن ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى شەكنى يوقىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، جىنسىي ئالاقە قىلغان چاغدا چىقىپ كەتكەن مەنىي، مەزى ۋە تەر بېزىنى بەدەندىن تازىلايدۇ. شۇڭا هەر قانداق كىشى يۇيۇنۇشتىن بۇرۇن بەدەنلىرىنى ئېغىر، هۇرۇن هېس قىلسا، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى يېنىك ۋە تېتىك هېس قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، غۇسلى قىلىش ئادەمگە خاس سۈپەت(هايۋان يۇيۇنمايدۇ)، شۇڭا غۇسلى قىلىشتا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. غۇسلى قىلىش دېگەنلىك، جۇنۇپ بولغان كىشى غۇسلى قىلىدۇ، جۇنۇپ بولمىغان ئادەم هەپتە، ئاي، هەتتاكى يىللاپ غۇسلى قىلمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. جۇنۇپ بولغاندا يۇيۇنۇش پەرز هېسابلىنىدۇ. باشقا چاغلاردىمۇ، مەسىلەن، جۈمە نامىزىغا بارغاندا، جامائەت سورۇنلىرىغا بارغاندا يۇيۇنۇپ بېرىش كېرەك. شۇنداقلا جۇنۇپ بولمىغاندىمۇ كەم دېگەندە هەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇنۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: '' **بالاغەتكە يەتكەن هەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى ئاللاهنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى هەققىدۇر**'' (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن. باشقا مىللەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار هازىر مۇنچىدىن چىققاندەك شۇنداق پاكىز، كىيىملىرى رەتلىك يۈرۈيدۇ. ئەمما بەزىلىرىمىزگە قارايدىغان بولساق، كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن، يېنىدا ئولتۇرسا پايپاقلىرى سېسىق پۇراپ تۇرىدۇ، هەتتا بەزىلەر تومۇز كۈنلەردە ئىككى-ئۈچ قات تونىنى كىيىپ، يوغان مەسىنى كىيىپ تەرگە پىشىپ يۈرۈيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزىگە جاپا سالىدۇ، باشقىلارغىمۇ جاپا سالىدۇ. ئەي مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ پاكىزلىق هەققىدە دېگەن سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى ۋە ئەمەل قىلايلى.

ئېغىزنى تازىلاشقا ئەهمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى ئېغىزنى چوتكىلاش، ئېغىزنى پاك تۇتۇش ئاللاهنى رازى قىلىدىغان ياخشى ئەمەل بولۇپ، ئېغىزنى چوتكىلاش ئارقىلىق كېسەللىك مىكروپلىرىنىڭ ئېغىزدىن كىرىشىنىڭ، چىش ئاغرىش، چىش ساغرىش ۋە پۇراشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**مىسۋاك ئېغىزنى پاك قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدۇ**''(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). شۇنداقلا قولتۇق ۋە ئەۋرەتنىڭ تازىلىقىغا ئەهمىيەت بېرىش، بۇرۇتنى قىرقىش ۋە تىرناقنى ئېلىپ تۇرۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**بەش تۈرلۈك ئىش سۈننەت هېسابلىنىدۇ، بۇ ئىشلار: خەتنە**

**قىلىش، سۈننەت قىلىش (يەنى ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى تازىلاش)، بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناق ئېلىش ۋە قولتۇقنىڭ ئاستىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇشتىن ئىبارەت"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ئورۇنلارنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بولغان بەدەن تازىلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇلارنىڭ تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئەگەر بۇ ئورۇنلارنىڭ تازىلىقى ياخشى قىلىنمىسا، يۇقىرىسى كېسەل بولۇش، تۆۋەن بولغاندا باشقىلارغا سېسىق پۇراشتەك يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ سۈننەتلەرنىڭ قانچىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆزىدىن روشەن. شۇڭا ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە خەتنە قىلىشىمىز، ئەۋرەت ئەزانى تازىلاش قىرىق كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ھەپتىدە بىر قېتىم تىرناقنى ئېلىپ، بۇرۇتنى پات-پات قىرقىپ تۇرۇشىمىز ھەمدە قولتۇقنىڭ تۈكلىرىنى ئۆسۈپ قالغىچە يۇلۇپ تۇرۇشىمىز لازىم.

2. كىيىم-كېچەك تازىلىقى: بۇ، كىيىم-كېچەكنى ھەر قانداق نىجاسەتتىن پاكىز تۇتۇش دېمەكتۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن پاخپاش بىر ئادەمنى كۆرۈپ: 'بۇ كىشى چېچىنى تۈزەيدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن يەنە بىر ئادەمنى كۆرۈپ: 'بۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇيىدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟' دېدى. ئەبۇل ئەھۋەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: 'مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ناچار كىيىملەر بىلەن كىرگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ: 'سېنىڭ پۇل-مېلىڭ بارمۇ؟' دەپ سورىدى. مەن: 'بار' دېگەنىدىم، 'قايسى خىلدىكى ماللىرىڭ بار؟' دېدى، مەن: 'تۆگە، قوي، ئات ۋە قۇللاردىن ئىبارەت ماللىرىم بار' دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'ئاللاھ ساڭا پۇل-مال بەرسە ئۇ ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن نېمىتى ۋە ھۆرمىتىنىڭ نىشانىسى سەندە كۆرۈلسۇن' دېدى. ئىسلام دىنى كىيىم-كېچەكنىڭ پاك بولۇشنى نامازنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ بېكىتكەن. كىيىم-كېچەك تازىلىقىنىڭ قىممىتىنى تونۇش كېرەككى، كىيىم-كېچەكنىڭ تازىلىقى ياخشى بولمىسا، بەدەن تازىلىقىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بەدىنى پاكىز بولۇپ، كىيىمى پاكىز بولمىسا، بەدەن خۇددى سىرتى نىجاسەت بىلەن ئورالغان پاكىز سۇغا ئوخشاپ قالىدۇ. بىز دەۋاتقان كىيىم-كېچەك تازىلىقى ئەنە شۇ سىرتقى تازىلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ شۇ كىشىنىڭ پاكىز، مەدەنىيەتلىك ياخشى كىشى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا كېچەكلىرىمىزنى پاكىز تۇتۇپ، ئىنسانلارغا خاس بولغان ئەنئەنىۋى خىسلەتنى ئەمەلىيىتىمىزدە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

3. ئۆي-ئارام ۋە ئاممىۋى يول، سورۇنلارنىڭ تازىلىقى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغان ئىككى قىلىقتىن ساقلىنىڭلار**" دېگەن، ساھابىلار: "ئۇلار قايسىلار يا رەسۇلۇللاھ؟" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**كىشىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىغا ياكى ئۇلارنىڭ سايىداپ ئارام ئالىدىغان سورۇنىغا تەرەت قىلىپ قويۇش**" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن. ئۆي-ئارام ۋە كوچا-كويلا پاكىزە، رەتلىك بولسا، ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كۆڭلى ئوچۇق، تېنى ساغلام بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە مەينەت، رەتسىز بولسا، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدۇ، روھى چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ، ئاسان كېسەل بولىدۇ، نورمال تۇرمۇش ۋە خىزمەت توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەنىۋى ۋە ماددىي تازىلىقتىن ئىبارەت ئىچى-تېشى پاك بولۇش ئىستىكىنى كىمكى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىدىكەن، بۇ دۇنيادا كىشىلەر ئالدىدا پاك-دىيانەتلىك ياخشى ئادەم دېگەن ئاتاققا ئېرىشىپلا قالماي، ساغلاملىقتىن ئىبارەت قىممەتلىك بايلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا ئالدىدا يۈزى ئاق بولۇپ، نېمەتنى تونۇپ شۈكۈر قىلغانلارنىڭ قاتارىدا ئىنئام قىلىنىپ، گۈزەللىكتە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز جەننەتكە — مەڭگۈلۈك ئىنئام باغچىسىغا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلىرىمىز شېرىك ئەقىدە، ھەسەتخورلۇق، شەخسىيەتچىلىكتەك ناچار ئىللەتلەردىن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ۋە ئومۇمنىڭ تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكتەك نومۇسسىز قىلىقلاردىن خالىي بولۇپ، دۇنيادا ئىمان مىزانى، قەلب پاكلىقى، كۆڭۈل شادلىقى بىلەن ياشاپ، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىگە مۇشەررەپ بولۇشتەك غايىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىلىك دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئۇستازى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# «قۇرئان كەرىم»دىكى تىلاۋەت سەجدىسى ھەققىدە

◈ ئابابەكرى قارىم ھاجىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ئىنسانلارنى باتىل نەرسىلەرگە سەجدە قىلىشتىن ياندۇرۇپ، بىر ئاللاھقا سەجدە قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ بارلىق قائىدە-پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىنسانلارنى ئاللاھقا سەجدە قىلىشقا يېتەكلىدى. مۇتتەقى-مۆئمىنلەر«قۇرئان كەرىم»نىڭ چاقىرىقلىرىغا پۈتۈنلەي ئاۋاز قوشۇپ، 14 ئەسىر مابەينىدە بىر ئاللاھقا سەجدە قىلىپ كەلدى. ئىسلام شەرىئىتىدە قۇرئان- ھەدىس چاقىرىقىغا ئاساسلىنىپ بەلگىلەنگەن، نامازنىڭ غەيرىدىكى بىر سەجدە بار، ئۇ بولسىمۇ ”تىلاۋەت سەجدىسى“دۇر. ”تىلاۋەت سەجدىسى“— «قۇرئان كەرىم» ئوقۇلۇپ، سەجدە ئايىتى زىكرى قىلىنغاندا ئوقۇغۇچىغا ۋە ئاڭلىغۇچىغا سەجدە قىلىش كېلىدىغان، ئۆزىدە تەشەھھۇد، تەھرىم ۋە تەسلىم بولماسلىق بىلەن ناماز سەجدىسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر سەجدە.

ئاللاھ « قۇرئان كەرىم »دە. **”ئۇلارنىڭ يېنىدا قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ“** {سۈرە «ئىنشىقاق» ( 84-سۈرە )، 21- ئايەت}، دەپ سەجدە ئايىتى ئوقۇلغاندا سەجدە قىلمىغانلارنى سۆكىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”تىلاۋەت سەجدىسى“نى قىلىش ئىماننىڭ دەلىلى ۋە جەننەتنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ. **”ئادەم بالىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ۋاقتىدا سەجدە قىلسا شەيتان ئايرىلىپ يىغلايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:’ۋاي ئىست، ئادەم بالىسى سەجدىگە بۇيرۇلغانىدى، سەجدە قىلدى، ئۇنىڭغا جەننەت بار؛ مەن سەجدىگە بۇيرۇلغانىدىم، رەت قىلدىم، ماڭا دوزاخ بار‘ “** (مۇسلىم رىۋايىتى).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ”تىلاۋەت سەجدىسى“نى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ. **”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى ۋە سەجدە ئايىتى بار سۈرىلەرنى ئوقۇپ سەجدە قىلاتتى، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەجدە قىلاتتۇق، ھەتتاكى بەزىلەر پېشانىسىنى قويغىلى ئورۇنمۇ تاپالماي قالاتتى“** (مۇسلىم رىۋايىتى).

داڭلىق مۇجتەھىد ئالىملاردىن ئىمام مالىك، ئىمام شافىئى، ئىمام ئەھمەد (رەھمەھۇللاھ)لەر ”تىلاۋەت سەجدىسى“نى قىلىش سۈننەت دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىمام ئەئزەم (رەھمەھۇللاھ) ئىبنى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) يەتكۈزگەن **”ئايەت سەجدىسىنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان كىشىنىڭ گەدىنىگە سەجدە قىلىش كېلىدۇ“** (ئىبنى ئەبى شەيبە رىۋايىتى) دېگەن ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈپ. ”بۇ ھەدىستىن ۋاجىپلىق چىقىدۇ“ دەپ قارايدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە 14 ئورۇندا سەجدە ئايىتى بار بولۇپ، ئۇلار: 7- سۈرە «ئەئراف»نىڭ 206-ئايىتى، 13- سۈرە «رەئد»نىڭ 15-ئايىتى، 16-سۈرە «نەھل»نىڭ48 — 49-ئايىتى، 17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل»نىڭ 107 — 109-ئايەتلىرى، 19-سۈرە «مەريەم»نىڭ 58-ئايىتى، 22- سۈرە «ھەج»نىڭ 18-ئايىتى، 25-سۈرە «فۇرقان»نىڭ 60 -ئايىتى، 27-سۈرە «نەمل»نىڭ 24 — 26-ئايەتلىرى، 32- سۈرە «سەجدە»نىڭ15-ئايىتى، 38- سۈرە «ساد»نىڭ 24 - ئايىتى، 41-سۈرە «فۇسسىلەت»نىڭ 37 — 38- ئايەتلىرى، 53-سۈرە «نەجم»نىڭ62-ئايىتى، 84 -سۈرە «ئىنشىقاق»نىڭ 21-ئايىتى، 96- سۈرە «ئەلەق»نىڭ19- ئايىتى قاتارلىقلاردۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، سەجدە قىلىش ھەققىدىكى ئىبارىلەردە: 1. ئاللاھنىڭ

دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتماي ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدىغانلىقى؛ 2.ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەرقانداق نەرسىنى باشقۇرۇشقا قۇدرىتى يېتىدىغان كاتتا ھۆكۈمرانلىقى بولغاچقا، پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار ئىختىيارى ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا ئاللاھقا بويسۇنغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ داۋاملىق تۈردە ئاللاھقا بويسۇنۇپ سەجدە قىلىدىغانلىقى؛ 3 . ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ سايىلىرىمۇ ئاللاھقا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن، ئوڭ- سولغا مايىل بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئاسمان- زېمىنلاردىكى پەرىشتىلەر، ھايۋاناتلار ئاللاھدىن قورقۇپ، بۇيرۇغاننى قىلىپ، ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلمايدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن يۈز ئۆرۈمەسلىكى؛ 4.ئەھلى كىتابلارنىڭ سالىھ كىشىلىرى قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغدا تەسىرلىنىپ سەجدىگە بېرىپ: ”پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ“ دەيدىغانلىقى ۋە يىغلىغان ھالدا سەجدىگە يىقىلىپ، قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن ئاللاھقا تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدىغانلىقى؛ 5. بارلىق پەيغەمبەرلەرگە مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرى شۇنچە ئۈستۈن بولسىمۇ، سەجدە قىلغان ۋە يىغلىغان ھالدا زېمىنغا يىقىلىدىغانلىقى؛ 6. ئاسمان- زېمىندىكى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغانلىقى، ھەتتا مەجۇسىيلار خۇدا دەپ ئىبادەت قىلىۋاتقان قۇياشنىڭمۇ ۋە ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەريالار، ھايۋاناتلارنىڭمۇ ئۆز ياراتقۇچىسىغا بويسۇنۇپ سەجدە قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ سەجدە قىلغان بولسىمۇ، كۆپ كىشىلەرنىڭ كۇفرىلىق قىلىپ سەجدە قىلماي ئازابقا دۇچار بولغانلىقى؛ 7. مۇشرىكلارغا ”رەھمانغا (يەنى ھەممە نەرسىگە رەھمىتى يەتكەن ئاللاھقا) سەجدە قىلىڭلار“ دېيىلسە ئۇلار: ”رەھمان دېگەن نېمە؟ سەن بىزنى بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟“ دەپ ئىسلام دىنىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىدىغانلىقى؛ 8. سەبە شەھرىنىڭ ئايال پادىشاھى بىلقىس ۋە ئۇنىڭ خەلقلىرى قۇياشقا چوقۇنۇپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدىغانلىقى (مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى)، شەيتان ئۇلارغا بۇ قىلمىشىنى چىرايلىق كۆرسەتكەنلىكى، ئۇلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھقا سەجدە قىلمايدىغانلىقى؛ 9 . ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە [illegible] ئىيتىدىغان كىشىلەرگە شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئاللاھقا سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىپ، پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ۋە ھەمدە ئېيتىدىغانلىقى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدىغانلىقى؛ 10. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ سىنىغانلىقىنى بىلىپ ئاللاھدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقى ۋە سەجدە قىلىپ تەۋبە قىلغانلىقى؛ 11. كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرى بولغاچقا، قۇياشقىمۇ، ئايغىمۇ سەجدە قىلماسلىق، بەلكى ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىشنىڭ لازىملىقى، ئەگەر كۇففارلار چوڭچىلىق قىلىپ ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن باش تارتسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر كېچە-كۈندۈز ئاللاھقا تەسبىھ - ئېيتىپ مالال بولۇپ قالمايدىغانلىقى؛ 12. مۇشرىكلارنى«قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلىغاندا زاڭلىق قىلىپ كۈلمەسلىككە، بەلكى يىغلاشقا، غاپىل بولماسلىققا، ئاللاھقا سەجدە قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش؛ 13. مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتىشقا ئۈچۈق دەلىل تۇرسىمۇ ئىمان ئېيتمىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا قۇرئان ئوقۇلسا سەجدە قىلمىغانلىقىنى ئەيىبلەش؛ 14. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سەجدە قىلىشقا چاقىرىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن (يۇقىرىدىكى14 سەجدىنىڭ مەزمۇنى «سەفۋەتۇتتافاسىر» ۋە ئۇيغۇرچە «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان). بۇ مەزمۇنلار ئايەت سەجدىسى ئوقۇلغاندا سەجدە قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۇنداقتا تىلاۋەت سەجدىسىنى قانداق قىلىش كېرەك؟

سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغاندا تىلاۋەت قىلغۇچىغا (گاسلىقتىن ئۆزى ئاڭلىماي قالسىمۇ) ۋە ئاڭلىغۇچىغا (ئۆزى ئاڭلىسا ياكى ئاڭلاپ قالسىمۇ) سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. تىلاۋەت سەجدىسى نامازدا ئوقۇلسا دەرھال سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. نامازدا ئوقۇلغان ئايەت سەجدىسى نامازنىڭ بىر جۈزئىسىدەك بولۇپ قالغاچقا ئۇنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. شۇڭا قىرائەتنى توختىتىپ، سەجدىنى نىيەت قىلىپ، رۇكۇ قىلىۋەتسىمۇ ياكى ئايرىم سەجدە قىلسىمۇ ۋە ياكى نامازنىڭ رۇكۇ-سۇجۇدىغا قوشۇپ، بىرگە سەجدە قىلىشنى نىيەت قىلىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر نامازدا ئايەت سەجدىسىنى ئوقۇپ بولۇپ قىرائەتنى توختاتماي، ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئايەتنى

ئوقۇۋەتسە، نامازنىڭ ئىچىدە ئايرىم سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما نامازنىڭ سىرتىدا سەجدە ئايىتى ئوقۇلسا سەجدە قىلىشنىڭ ۋاقتى مۇئەييەن ئەمەس، كېيىنرەك ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. لېكىن سەجدە ئايىتى ئوقۇلغان ۋاقىتتىلا سەجدە قىلىش ياخشى(بۇ، سەجدە قىلىشقا مەكرۇھ ۋاقىت بولمىسىلا).

ئەگەر ئىمام نامازدا ئايەت سەجدىسىنى ئوقۇسا ئىقتىدا قىلغانلار ئىمامغا ئەگىشىپ سەجدە قىلىدۇ. لېكىن ئىقتىدا قىلغۇچى ئوقۇسا ئوقۇغۇچىغا ۋە ئاڭلىغۇچىغا، ھېچ كىمگە سەجدە قىلىش كەلمەيدۇ. بىر سەجدە ئايىتىنى بىر ئورۇندا قانچە رەت ئوقۇۋەتسە بىرلا سەجدە كېلىدۇ. بىر سەجدە ئايىتى قانچە ئورۇندا ئوقۇلسا، ھەر بىر ئورۇنغا بىردىن سەجدە كېلىدۇ. بىر ياكى كۆپ ئورۇندا قانچە سەجدە ئايىتى ئوقۇلسا ھەربىر سەجدە ئايىتىگە بىردىن سەجدە كېلىدۇ.

سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغۇچى بىر ئورۇندا تۇرۇپ ئوقۇسا، ئەمما ئاڭلىغۇچى ئورۇن يۆتكىلىپ ئاڭلىسا، ئاڭلىغۇچىغا ھەر بىر ئورۇنغا بىردىن سەجدە كېلىدۇ. يول ۋە ئۇچۇقچىلىق مەيدانلاردا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، ئۈچ قەدەم يۆتكىلىپ يەنە ئوقۇش ۋە شاختىن شاخقا يۆتكىلىپ ئوقۇش، دەريا ياكى چوڭ كۆلچەكلەردە سۇ ئۈزۈپ ئوقۇش قاتارلىقلار ئورۇن يۆتكەلگەنلىك بولىدۇ. ئەمما سەجدە ئايىتىنى ئوقۇۋېتىپ كىچىك ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا يۆتكىلىش، مەسچىتنىڭ ئىچىدە يۆتكىلىش، گەرچە چوڭ بولسىمۇ، ئۇستىگە چىققان كېمە ياكى ماشىنىلارنىڭ مېڭىشى، بىر ئوتلام سۇ ئىچىش، بىر چىشلەم تاماق يېيىش، ئۈچ قەدەمدىن ئاز مېڭىش، ئورۇندىن تۇرۇش، بىر نەرسىگە مىنىش ۋە ئۇنىڭدىن چۈشۈش قاتارلىقلار ئورۇن يۆتكىلىش ھېسابلانمايدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشقا تۆۋەندىكى شەرتلەر ئورۇنلىنىدۇ: تاھارەتلىك بولۇش، ئەۋرىتىنى يېپىش، قىبلىگە قاراش، نىيەت قىلىش، بەدەن، كىيىم، سەجدە قىلىدىغان ئورۇن قاتارلىقلارنى نىجاسەتتىن پاكلاش كېرەك. قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىنىڭ ''سەجدە قىلىشقا تەييارلىقىم يوق'' دەپ سەجدە ئايىتىنىلا ئايرىپ ئوقۇماي قويۇشى مەكرۇھ. بۇنداق قىلىش «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەرتىپىنى بۇزۇۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئايرىپ قويماي ئوقۇۋېرىپ **''بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر''** {سۇرە «بەقەرە» (2- سۇرە)، 285-ئايەت}

دېگەن ئايەتنى ئوقۇشى ۋە كېيىن سەجدە قىلىۋېلىشى لازىم.

ئۇخلاۋاتقان ئادەمدىن، بىھوش ياكى ساراڭ ئادەمدىن، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىدىن ئاڭلانغان سەجدە ئايىتىگە سەجدە قىلىش كەلمەيدۇ. ئادەمدىن باشقا، قۇش، شاتۇت، ئۆگىتىلگەن مايمۇن، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو قاتارلىقلاردىن ئاڭلانغان سەجدە ئايىتىگە سەجدە قىلىش كەلمەيدۇ. ھەيز- نىپاسدار ئاياللار، جۇنۇب كىشىلەر سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىسا ۋە ئوقۇپ قالسا (ئەسلىدە بۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم »نى ئوقۇشىغا بولمايدۇ) ئۇلارغا سەجدە قىلىش كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار سەجدە ئەھلى ئەمەس. ئەمما ئۇلاردىن ئاڭلىغان كىشىگە سەجدە قىلىش كېلىدۇ.

ئەرەب تىلىدىن غەيرى تىلغا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»دىكى سەجدە ئايىتىنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇسا، ئىمام ئەئزەمنىڭ قارىشىدا شۇ ئايەتنىڭ سەجدە ئايىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلىسىلا سەجدە قىلىش كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا سەجدە كەلمەيدۇ. سۈرە «ھەج»دىكى ئىككىنچى سەجدىنى، ئىمام ئەئزەم: ''رۇكۇ بىلەن سەجدە بىر- بىرىگە يېقىن كېلىپ قالغاچقا، ئۇ نامازغا مۇناسىۋەتلىك سەجدە، تىلاۋەت سەجدىسى ئەمەس'' دەپ قارايدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشنىڭ شەكلى مۇنداق: قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە سەجدە قىلىدۇ. سەجدىدە نامازنىڭ سەجدىسىگە ئوخشاش ئۈچ قېتىم ''سۇبھانە رەببىئەل ئەئلا''نى تىلغا ئېلىپ تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە يەنە بىر تەكبىر ئېيتىپ سەجدىدىن باش كۆتىرىدۇ. ئەگەر سەجدىدە ئۈچ قېتىم تەسبىھ ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ''سەجەدە ۋەجھى لىللەزى خەلەقەھۇ، ۋە شەققە سەمئەھۇ، ۋەبەسەرەھۇ، بىھەۋلىھى ۋەقۇۋۋەتىھى'' (مېنىڭ يۈزۈم شۇ يۈزنى ياراتقان ۋە ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن شۇ يۈزگە قۇلاق ۋە كۆز پەيدا قىلغان بىر زاتقا سەجدە قىلدى)دېگەن دۇئانى ئوقۇسا ناھايىتى ياخشى.(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ دۇئانى ئوقۇيتتى) تۆۋەندىكى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان دۇئانى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ''بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: يا رەسۇلۇللاھ مەن ھەقىقەتەن كېچىدە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بىر دەرەخنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتقۇدەكمەن، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

سەجدە قىلدىم، ھېلىقى دەرەخمۇ مېنىڭ سەجدەمگە ئەگىشىپ سەجدە قىلدى. مەن ئۇ دەرەخنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم: "ئاللاھۇممەكتۇپ لى بىھا ئىندەكە ئەجرەن، ۋەزەئ ئەننى بىھا ۋىزرەن، ۋەجئەلھالى ئىندەكە زۇخرەن، ۋە تەقەببەلھا مىننى كەماتەقەببەلتەھا مىن ئەبدىكە داۋۇدە" "(ئى ئاللاھ ئۇ سەجدىنىڭ سەۋەبى بىلەن ماڭا دەرگاھىڭدا كۆپ ئەجرىنى پۈتكىن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن مەندىن گۇناھلارنى كۆتۈرۈۋەتكىن ۋە ئۇنى ماڭا دەرگاھىڭدا توپلانما بايلىق قىلىپ قويغىن ۋە ئۇنى بەندەڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن قوبۇل قىلغاندەك مەندىنمۇ قوبۇل قىلغىن). ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە ئايىتىنى ئوقۇدى، ئاندىن سەجدە قىلدى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھېلىقى ئادەم دەرەخ ھەققىدە** ئېيتىپ بەرگەن دۇئانى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئا[...] (تىرمىزى رىۋايىتى). سەجدىدىن باش كۆتۈرۈش بىلەن سەجدە ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدا تەھرىم باغلاش ئۈچۈن قول كۆتۈرۈش، تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ تەشەھھۇد ئوقۇش ۋە سالام بېرىش قاتارلىق ئىشلار بولمايدۇ. مانا بۇ، ئۇنىڭ نامازدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يېرى. كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: "كىمكى «قۇرئان كەرىم» دىكى سەجدە ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى جۇغلاپ بىر كېچىدە ئوقۇسا ۋە ھەر بىرىگە بىردىن سەجدە قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەقسەت قىلغان ئىشلىرىغا كۇپايە قىلىدۇ".

(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارىيلارنى ئەۋەتىپ، خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتۇردى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 2003-يىلى 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىدە، بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن شىنجاڭ تۇرپانلىق ئەلى نىياز قارىي 2003-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ئىراننىڭ پايتەختى تېھران شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 20-نۆۋەتلىك ئىران خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتى؛ ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن شىنجاڭ يەكەنلىك ئابدۇرېشىت روزى قارىي 2003-يىل 11-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 11-نۆۋەتلىك مىسىر خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى؛ ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن چىڭخەيلىك يې جىن قارىي 2003-يىل 12-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە مالايسىيانىڭ پايتەختى كۇئالالۇمپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن مالايسىيا 45-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى؛ ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى خېلىل ئوسمان 2003-يىل 12-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە ھىندونېزىيەنىڭ پايتەختى جاكارتادا ئۆتكۈزۈلگەن ھىندونېزىيە 1-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

جۇڭگو قارىيلىرى يېقىنقىدەك چوڭ كۆلەملىك خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، چەت ئەللەرنىڭ قىرائەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ قايتىپ كەلدى. بۇنىڭ مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى يەنە بىر قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشكە زور ياردىمى بولغۇسى.

## مىسىرلىق قارىيلار مەملىكىتىمىزدە رامىزانلىق قىرائەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مىسىرلىق ئابدۇللا مۇھەممەد ھەلىل ئابدۇللا قارىي بىلەن ئابدۇل لەتىپ مۇھەممەد ئەل بەكلۇل ئەلى قارىي 2003يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ مەركىزى كۆكخوت شەھرى ۋە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چاڭجى شەھرى قاتارلىق جايلاردىكى مەسچىتلەردە رامىزانلىق قىرائەت قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بېيجىڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە شەنشى ئۆلكىسىدىكى دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ئۇلارنى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ قىرائەت پائالىيىتى مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تەجۋىدلىك قىرائەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، جۇڭگو ۋە مىسىر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ھەم ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىدى.

# «قارىئە» سۈرىسىدە قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر

## توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

جارۇللا يۇسۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

«قارىئە» سۈرىسى (101-سۈرە) «قۇرئان كەرىم» دىكى قىسقا سۈرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپىنچە ئايەتلىرى ئاددىي جۈملە شەكلىدىكى ئايەتلەردىن تۈزۈلگەن. سۈرە گەرچە قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، كەڭ دائىرىلىك مەنە قاتلىمىغا ئىگە. سۈرىگە ئىنساننىڭ ياخشى-يامان ئىشلىرى، گۇناھ-ساۋابلىرى سەۋەب-نەتىجە شەكلىدە — ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق شەكلىدە ھەل بولىدىغانلىقىدەك يۈكسەك ھەم چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن؛ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، قەتئىي تەۋرەنمەستىن ياخشى ئىش قىلىپ ياخشى ئادەم بولۇش، ياخشىلىقنى ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتىگە سىڭدۈرۈش، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ياخشى ئىش قىلىش، ياخشى ئىش قىلىشنى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق دەپ بىلىش، يامان ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىش لازىملىقىدەك ئىسلامىي ئېتىقاد ۋە ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن. تەڭداشسىز قۇدرەت ۋە ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا بۇ ئىدىيىنى توغرىدىن توغرا ئاددىي تىل ۋە سىدام تەسۋىر بىلەن ئىپادىلىمەستىن، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن.

تۆۋەندە سۈرىدە قوللىنىلغان رىتورىك سوئال، تەكرارلاش، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سۈرە مەزمۇنى، قۇرۇلمىسىدا ئوينىغان رولى ۋە تەسىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

1. **رىتورىك سوئال**. بۇ، ئەسەردە سوئال قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ دىققىتىنى كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان ھەم شۇنى مەقسەت قىلىدىغان، جاۋابىنى ئاپتور ئۆزى بېرىدىغان ياكى جاۋابى شۇ سوئالنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدىغان بىر تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە. سۈرىدە رىتورىك سوئالدىن ئىككىسى قوللىنىلغان. بىرى، "**قىيامەت(1)، قىيامەت نېمىدۇر؟(2) قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟(3) شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ(4). تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ(5)**" ئايەتلىرى بولۇپ، 1-، 2-، 3-ئايەتلەر جۈملە شەكلى بويىچە بىر پۈتۈن تەڭداش قوشما جۈملە ھالىتىدە كېلىپ، سوئال قويۇش ئۇسۇلى شەكىللەندۈرگەن، 4-، 5- ئايەتلەر بۇ سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن. نەتىجىدە يۇقىرىقى ئايەتلەر بىر پۈتۈن رىتورىك سوئالنى بارلىققا كەلتۈرگەن. يەنە بىرى، "**ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟(10) ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر(11)**" ئايەتلىرى بولۇپ، 10-ئايەت ئاددىي جۈملە ھالىتىدە كېلىپ، سوئال قويۇش ئۇسۇلى شەكىللەندۈرگەن، 11-ئايەت بۇ سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن.

سۈرىدە رىتورىك سوئالنىڭ قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە كىشىنىڭ دىققەت مەركىزى "قىيامەت" ۋە "ھاۋىيە" سۆزلىرىگە بەكرەك مەركەزلىشىدۇ ۋە ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ئىككى ئوبيېكت ئۈستىدە ئويلىنىدۇ؛ ئوي-پىكرى قاناتلىنىپ، يامان ئىش قىلغانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھودۇقۇش، تەمتىرەش ئىچىدە بارار يېرىنى بىلەلمەي پەرۋانىدەك ئالاقزادە بولۇپ يۈرگەن ھالەتلىرى، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئېغىر قىيىن-قىستاققا دۇچ كېلىشلىرى، شىددەتلىك كۈچ بىلەن پارتلىغان تاغلارنىڭ تالقاندەك ئۇۋۇلىنىپ كېتىشلىرى، لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ، قۇلاقنى يارغۇدەك يېقىمسىز ئاۋاز چىقىرىۋاتقان دەھشەتلىك دوزاخ، كۈچلۈك ئوت تەپتىگە چىدىيالماي ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ئاھۇ زار قىلىۋاتقان ئادەملەر... كۆز ئالدىدا ئېكراندا نامايان بولۇشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىيامەت ۋە ھاۋىيە دەھشىتىدىن قورقۇش كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۈرىنى داۋاملىق ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلىپ، سۈرە مەزمۇنىنى قاتلاممۇ قاتلام چۈشىنىپ تولۇق ئىگەللىۋېلىش

www.uyghurkitap.com

ئىمكانى يارىتىلىدۇ. دېمەك، رىتورىك سوئال ۋاستىسىنىڭ قوللىنىلىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش، تەپەككۇرنى قوزغىتىش رولىنى ئويناپ، سۈرە مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان.

2-تەكرارلاش ئۇسۇلى. بۇ، ئوخشاش بىر سۆز، ئوخشاش بىر جۈملە، ھەتتا ئوخشاش بىر پۈتۈن ئابزاسنى تەكرارلاش ئارقىلىق پىكىر-ھېسسىياتنى كۈچەيتىپ ئىپادىلەيدىغان، مەلۇم بىر نۇقتىنى تەكىتلەپ، كىتابخانلارنىڭ تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە. سۈرىدە ''قىيامەت'' ۋە ''ھاۋىيە'' سۆزلىرى تەكرارلانغان. ''قىيامەت'' سۆزى سۈرىنىڭ 1-، 2-، 3-ئايەتلىرىدە ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان. ''ھاۋىيە'' سۆزىمۇ سۈرىنىڭ 8-، 9-، 10-، 11-ئايەتلىرىدە ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان. سۈرىدە تەكىتلەنمەكچى بولغان ئاساسىي ئوي-پىكىردىن بىرى كىشىلەرگە يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قىيامەتتە ھاۋىيەگە مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش. بۇ ئوي-پىكىر سۈرىدە تەكرارلاش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالاھىدە كۈچەيتىلىپ ئېيتىلغان بولۇپ، ئاگاھلاندۇرۇش، قەھر قىلىش تۈسىمۇ قوشۇلۇپ، كۈچلۈك كەسكىنلىك ھاسىل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سۈرىدە ئېيتىلماقچى بولغان — ئىنسان ئۆزى قىلغان ئىشقا جەزمەن ئۆزى ئىگە بولىدۇ، ياخشى-يامان ئىشلىرى بويىچە مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ دېگەن مەركىزىي ئىدىيە ئاسانلا ئايدىڭلاشقان. نەتىجىدە سۈرىنىڭ تەسىرچانلىقى كۈچىيىپ، كىتابخانلارنىڭ سۈرە مەزمۇنىغا بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشقان. قىسقىسى، سۈرىدە ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئوي-پىكىرنى تەكىتلەش، ھېسسىياتنى گەۋدىلىك، چوڭقۇر ئىپادىلەش ۋە سۈرىنىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىشتە تەكرارلاش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمى چوڭ بولغان.

3- ئوخشىتىش ئۇسۇلى. بۇ، ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان لېكىن مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىقى بار شەيئىلەرنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە.

1) ئېنىق ئوخشىتىش. ئېنىق ئوخشىتىش — ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئىنى بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى روشەن ھالدا سېلىشتۇرۇپ ئىپادىلەشتۇر. سۈرىدە ''**شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ(4). تاغلارمۇ ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ(5)**'' ئايەتلىرى ئېنىق ئوخشىتىش ھاسىل قىلغان. 4- ئايەتتە ''ئىنسانلار'' سۆزى ئوخشالغۇچى، ''پەرۋانە'' سۆزى بولسا ئوخشىغۇچى بولۇپ كەلگەن. 5-ئايەتتە بولسا ''تاغلار'' سۆزى ئوخشالغۇچى، ''ئېتىلغان يۇڭ'' سۆزلىرى ئوخشىغۇچى بولۇپ كەلگەن. نەتىجىدە بۇ ئىككى ئايەتتە ئىككى ئېنىق ئوخشىتىش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

سۈرىدىكى ئېنىق ئوخشىتىشلار ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئىدىيە ۋە ئوي-پىكىرنى كونكرېتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بولۇپمۇ قىيامەت دەھشىتىنى ئىنتايىن قىسقا، ئىخچام ھالەتتە ئىپادىلەشتە بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ رولى چوڭ بولغان. بىز ئېنىق ئوخشىتىش قوللىنىلغان بۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇغىنىمىزدا، قىيامەت كۈنىنىڭ مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۇنى ئېنىق كۆرگەندەك بولىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئىككى ئايەتنى «قۇرئان كەرىم»دىكى قىيامەت تەسۋىرى سۈرەتلەنگەن سۈرە-ئايەتلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىپ، ئىخچام، كونكرېت ئىپادىلىنىشى ياكى يۇغۇرۇلمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

2) ۋەكىللىك ئوخشىتىش. ئوخشىغۇچى شەيئىنىڭ ئوخشالغۇچى شەيئى ئورنىدا كېلىشى ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئوخشىتىشتا ئوخشالغۇچى شەيئى كونتېكىستتا كۆرۈنمەيدۇ.

سۈرىنىڭ 6-، 7-، 8-، 9-ئايەتلىرىدىكى ''تارازا'' سۆزى ئوخشىغۇچى بولۇپ كېلىپ، ۋەكىللىك ئوخشىتىشنى ھاسىل قىلغان. يەنى ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ياخشى-يامان ئىشلىرىنى، ساۋاب ياكى گۇناھىنى ئادىل باھالايدىغانلىقى ۋەكىللىك ھالدا(ئىنسان ئەقلىگە يېقىنلاشتۇرۇلغان تەرزدە) كىشىلەرنىڭ ئادەتتە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى تارازا بىلەن توغرا، ئېنىق ئۆلچەيدىغانلىقىغا ئوخشىتىلغان.

سۈرىدىكى ۋەكىللىك ئوخشىتىشنىڭ قوللىنىلىشىمۇ سۈرە مەزمۇنىنى كونكرېتلاشتۇرۇش، ئېنىقلىق، چۈشىنىشلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىدىن ئۆتكەندىن باشقا يەنە قۇرۇلما جەھەتتىنمۇ ئىخچام، كونكرېت بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. سۈرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن ئۆزىراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان، شۇنداقلا ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئوي-پىكىرنى چوڭقۇر، تەسىرچان قىلىپ كىتابخانلارغا نىسبەتەن چۈشىنىشلىك، ئېنىق بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

4-سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى. بۇ، بىرى-بىرىگە زىت بولغان ئىككى شەيئىنى بىر يەردە بايان قىلىش ياكى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئوي-پىكىرنى ئېنىق، گەۋدىلىك ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق

ۋاستە. سۈرىدە " **تارازىسى ئېغىر كەلگەن(يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇ نېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ(6-7). تارازىسى يېنىك كەلگەن(يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى هاۋىيە بولىدۇ**" (8-9) ئايەتلىرىدە ئىككى سېلىشتۇرۇش ۋاستىسى قوللىنىلغان. بىرى "ياخشى ئىش قىلغان ياكى ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلغان ئادەم بىلەن يامان ئىشلارنى قىلغان ياكى يامان ئىشلارنى كۆپ قىلغان" ئىككى خىل سۈپەتتىكى ئادەملەر سېلىشتۇرۇلغان. يەنە بىرى، ئىككى خىل سۈپەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى سېلىشتۇرۇلغان. يەنى ياخشى ئىشلارنى قىلغان ۋە ياخشى ئىشلىرى كۆپ كىشىلەر ئېرىشىدىغان "جەننەت" بىلەن يامان ئىشلارنى قىلغان ۋە يامان ئىشلىرى كۆپ كىشىلەر كىرىدىغان ئازابلىق جاي "هاۋىيە" ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان.


سۈرىدە سېلىشتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەر ئېنىق گەۋدىلىنىپ چىققان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا جەننەتكە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقى، يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا هاۋىيەگە مەهكۇم بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. نەتىجىدە بۇ سۈرە كىشىدە ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ جەننەتكە ئېرىشىش، يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇپ، هاۋىيەگە مەهكۇم بولۇشتىن ساقلىنىش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قىلىپ سالغان يامان ئىشلىرى ۋە گۇناھلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىش، ئۆكۈنۈش خاھىشىنىمۇ تۇغدۇرىدۇ. دېمەك، بۇ ۋاستە سۈرىدە نۇقتىئىنەزەرنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، ئىدىيىنى مەركەزلىك ئىپادىلەش روللىرىنى ئوينىغان.

5- **سۈپەتلەش ئۇسۇلى**: بۇ، ئادەم ۋە نەرسىلەرنى، ۋەقە-هادىسىلەرنى تەسۋىرلەشتە ئۇلارنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ سۈرەتلەپ بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە. سۈرىنىڭ 6-، 7-، 8-، 9- ئايەتلىرىدىكى "ئېغىر، يېنىك" سۈپەت سۆزلىرى سۈپەتلەش ۋاستىسى بولۇپ، ۋەكىللىك ئوخشىتىش "تارازا" سۆزىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق مەنىسىنى ئالاھىدە كۈچەيتىپ كەلگەن. سۈپەتلەش ئۇسۇلى سۈرە مەزمۇنىدا ئىش-ھەرىكەتنى سۈرەتلەش رولىنى ئوينىغان. "تارازىسى ئېغىر كەلگەن"، "تارازىسى يېنىك كەلگەن" سۆز بىرىكمىلىرى سۈپەتلەش ۋاستىسىنىڭ ياردىمىدە قارىمۇ قارشى مەنە هاسىل قىلىپ، كىتابخانلاردا 6-، 7-، 8-، 9- ئايەتلەرنىڭ سۆز سالمىقى ۋە مەنە

قاراتمىلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ، سۈرىدىكى ۋەكىللىك ئوخشىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان. سۈرىدە مەزكۇر سۈپەتلەش ئۇسۇلى قوللىنىلمىغاندا ئىدى، ۋەكىللىك ئوخشىتىشنىڭ ئوخشالغۇچى شەيئىنى تېپىش ھەتتا ۋەكىللىك ئوخشىتىشنىڭ ئۆزىنىمۇ بايقاش تەسكە توختايتتى. قىسقىسى، سۈپەتلەش ئۇسۇلى سۈرە مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مەنا قاتلىمىنى بېيىتىش ۋە كېڭەيتىش روللىرىنى ئويناپ كەلگەن.

بىز يۇقىرىدا«قارىئە» سۈرىسىدە قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى تۈرلەر بويىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتتۇق. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، سۈرىدە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر زىچ، گىرەلەشمە هالەتتە كېلىپ، ئۆزئارا ئۆتۈشۈش، ئارىلىشىش هاسىل قىلغان. ھەر بىر ئايەت، ھەتتا بەزى بىر قىسىم سۆزلەرمۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەشتىن مۇستەسنا بولمىغان. ئادەتتە ماقالە ياكى بەدىئىي ئەسەرلەر يېزىقچىلىقىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئەسەر مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىغا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئەمما «قارىئە» سۈرىسىدە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىشلىتىلسىمۇ سۈرىنىڭ مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسىغا قىلچە تەسىر يەتكۈزمىگەن. بەلكى، سۈرىنىڭ ئېنىق، چۈشىنىشلىك، ئىخچام، تەسىرلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب نەدە؟ بۇ يەردە يەنە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، «قارىئە» سۈرىسىنىڭ قۇرۇلما تۈزۈلۈشى ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە. كونكرېتنى ئېيتقاندا، قىسقا، ئىخچام سەھىپە ئارقىلىق «قارىئە» سۈرىسىنىڭ مەزمۇنىدەك كەڭ دائىرىگە ئىگە، قاتلاملىق پەلسەپىۋى ئىدىيىنى سۈرەتلەپ بېرىش ئىنسان ئەقلى، تەپەككۇرىنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، بەلكى، تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ تائالانىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مۆجىزاتلىرى زەررىچىلىرىنىڭ مەھسۇلى.

(ئاپتور: گۇچۇڭ ناهىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن هاجى)



www.uyghurkitap.com

# مال بوغۇزلىغاندا...

ياقۇپ ھەمدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى پاكلىق، پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن. ئاللاھنىڭ نۇرى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، خۇشخەۋەرلەرنى يەتكۈزگۈچى مۇھەممەد سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ''**پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر**''(مۇسلىم رىۋايىتى). ''**ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ. ئاللاھ پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ**'' (تىرمىزى رىۋايىتى) دەپ پاكىزلىقنى ئۇلۇغلاپ سۆيەتلىگەنىدى. ئادەمنىڭ دىلى پاك، كۆڭلى يورۇق، تېنى ساغلام، ئەقلى ئۆتكۈر، خاتىرىسى كۈچلۈك، ئىمانى كامىل بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم پاكىزلىققا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى، ياخشى پاكىزلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ئادەم بەدىنىگە كۈچ-قۇۋۋەت، ھاياتىي ئوزۇق بولىدىغان يېمەك-ئىچمەك تازىلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. ئىسلام دىنى يېمەك-ئىچمەك پاكىزلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان دىن. ئىسلام دىنىدا يېمەك- ئىچمەكنى ھالال، ھارام دەپ ئايرىيدۇ. يېمەك-ئىچمەك ئوزۇقلاردىن پاكىز، تەمى، پۇرىقى ياخشى، ئىنسان تەبىئىتىگە خوپ كېلىدىغان، ئوزۇقلانىسا مەنپەئەت قىلىدىغان، تەركىبىدە ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بولغان، زىيانسىز يېمەكلىكلەرنى ھالال ھېسابلايدۇ. ھالال يېمەكلىكلەرنى ئوزۇقلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئەكسىچە پاسكىنا، ناپاك، ئادەمگە بىئاراملىق ئېلىپ كېلىدىغان، مەست قىلىدىغان، بەتبۇي، پايدىسىز، سالامەتلىككە زىيان قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى ھارام ھېسابلايدۇ، ئىستېمال قىلىشتىن چەكلەيدۇ. ئاللاھنىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»دىكى: '' **ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى-ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى**'' {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 172-، 173-ئايەتى}. ''**ھايۋانلار(يەنى تۆگە، كالا، قويلار)نىڭ ھەممىسنى(زەبھى قىلىنغاندىن كېيىن يېيىش) ھالال قىلىندى**'' {سۈرە«مائىدە»(5-سۈرە)، 1-ئايەت}. ''**سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىينىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان(نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن( يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ، ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى...**''، '' **(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە(يېمەك- ئىچمەكتىن)نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى،'سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى. ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) ئاللاھنىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار). ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش)تىن ساقلىنىڭلار**' '' {سۈرە«مائىدە»(5-سۈرە)، 3-، 4- ئايەت} قاتارلىق نۇرغۇن ئايەت كەرىملەردە ھالال ۋە ھارامنىڭ چېكى ئېنىق ئايرىپ بېرىلگەن. ھالال ھېسابلانغان ھايۋانلار تۈرلۈك سەۋەبتىن ئۆزى ئۆلسە گۆشى ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆلۈشتە چوقۇم بىرەر كېسەل، ياكى جان ئالغۇچ زەربىگە ئۇچرىغان بولىدۇ، كېسەل مىكروبلىرى، زىيانلىق باكتېرىيىلەر

جەسەتنى قاپلاپ كەتكەن بولىدۇ. ئۆزى ئۆلگەن مالنىڭ گۆشىنىڭ رەڭگى، پۇرىقى باشقىچە بولۇپ، ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. بۇنداق گۆشنى يېسىڭىز كېسەل مىكروبلىرى تېنىڭىزغا زىيان سالىدۇ، ھەتتا زەھەرلەپ ھاياتىڭىزغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى ھارام، ئۇنى يېيىشكە بولمايدۇ.

قان ھارام، چۈنكى قان پاكىز ئەمەس. قان تەركىبىدە ھەر خىل كېسەل مىكروبلىرى، باكتېرىيىلەر بولىدۇ. قاننىڭ تەمى، پۇرىقى كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. ئوزۇقلۇق تەركىبىمۇ ياخشى ئەمەس. شۇڭا مالنى زەبھى قىلىپ قېنىنى تولۇق ئاققۇزۇۋېتىمىز. گۆشكە قان يۇققۇزماسلىق، يۇقۇپ قالسا پاكىز يۇيۇش لازىم. بىر قىسىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز "گۆشنى قېنى بىلەن يېسە تەملىك بولىدۇ، قاننى يۇيۇپ تازىلىۋەتسە گۆشنىڭ تەمى قالمايدۇ" دەپ قان يۇققان گۆشنى پاكىزلىماي يەيدۇ. بەلكىم، بۇ قېرىنداشلار قاننىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك. ھەتتا شۇنى بىلىش كېرەككى، بىرەر ئەزايىمىزغا، كىيىم-كېچەكلىرىمىزگە قان يۇقسا تازىلىۋەتمەي ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا بەدىنىمىزنىڭ بىرەر يېرىدىن قان چىقسا تاھارىتىمىز سۇنىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھىيلىرىنى بىزگە يەتكۈزگۈچى، بىزنى گۇناھلاردىن ئاگاھلاندۇرغۇچى، گۇمراھ-زالالەتتىن نۇرلۇق ھىدايەتكە يېتەكلىگۈچى پەيغەمبىرىمىز: **"ھارامۇ، ھالالمۇ ئېنىق بولدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك نەرسىلەر بار. كۆپ ئادەملەر بۇنى بىلمەيدۇ. كىمكى شۈبھىلىك نەرسىلەرگە چۈشۈپ قالسا، ھارامغا ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن"** («سەھىھ ھەدىسلەر»، 279-ھەدىس) دەپ بىزنى شۈبھىلىك نەرسىلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشقا دەۋەت قىلغان تۇرسا، بىز تېخى ئېنىق ئايرىۋېتىلگەن ھارامنى پەرق قىلالماي ئوزۇقلانساق دىن-دىيانىتىمىزگە، ئىمان-ئېتىقادىمىزغا، ئىبادىتىمىزگە زىيان يېتىپلا قالماي، سالامەتلىكىمىزگىمۇ ئېغىر زىيان يېتىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **"كىمكى ھارامدىن بىر لوقما يەيدىكەن، ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك ئىبادىتى مەقبۇل بولمايدۇ"** دەپ ئەسكەرتكەنىدى.

ئاللاھنىڭ نامىنى زىكرى قىلماي، ياكى ئاللاھتىن غەيرىينىڭ نامىنى ئاتاپ زەبھى قىلغان مالنىڭ گۆشى ھارام. ھەمىشە ئاللاھنى زىكرى قىلساق ئىمانىمىز كۈچىيىدۇ. ھەر بىر ئىشنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ باشلىساق ئىشىمىز بەرىكەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ھايۋانلارنى زەبھى قىلىشتا چوقۇم ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاش كېرەك، ئاللاھنى ئاتىماي غەيرىينىڭ ئىسمىنى ئاتاپ زەبھى قىلساق گۆشى ھارام بولىدۇ. بۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. **"ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 48-ئايەت}. ھايۋانلارنى زەبھى قىلىشتا ئاللاھقىلا ئاتاپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش كېرەك. ئاللاھتىن غەيرىي ھەر قانداق سالاھىيەتتىكى مېھمانغا، ئاتا-ئانىلارغا، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارغا، مازار-ماشايىخلارغا ئاتاش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، ئۇ گۆش ھارام بولىدۇ. شۇڭا مەيلى ھەر قانداق مۇراسىم، ئائىلىدە يېيىش، مېھمان ئۇزىتىش، ھەتتا قۇربانلىق ئۈچۈن سويغان ماللارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئاللاھقىلا ئاتاش لازىم. قىسمەن قېرىنداشلىرىمىز مالنى مېھمانغا ئاتاپ سويىدۇ. سويماقچى بولغان قوينى تىرىك يېتىلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ مېھمانغا كۆرسىتىپ دۇئا قىلغۇزىدۇ، ئاندىن زەبھى قىلىدۇ؛ يەنە قىسمەنلەر ھارپا كۈنى بىر قوينى سويۇپ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتايدۇ، دۇئا ئۆتكۈزىدۇ، بۇنى قۇربانلىق ھېسابلايدۇ؛ بىر قىسىملار قۇربان ھېيت كۈنلىرى قۇربانلىققا سويغان مالنى زەبھى قىلىشتا ئۆلگەن ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بېغىشلايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇرۇس ئەمەس، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن"** {سۈرە «كەۋسەر» (108-سۈرە)، 2-ئايەت}، "(ئى مۇھەممەد!) **ئېيتقىنكى، 'مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر'"** {سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 162-ئايەت}. دېمەك بىزنىڭ بارلىق ئىبادەتلىرىمىز، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمىز خالىس ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. قۇربانلىقىمىزنى ئاللاھتىن غەيرىيگە ئاتىساق ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىمىز، قۇربانلىقىمىزمۇ مەقبۇل بولمايدۇ.

ئاللاھنىڭ بىزگە تاللاپ ئەۋەتكەن ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"مازارلارغا، ئەزىز ئەۋلىيالارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ئىسلامدا يوق"** («سەھىھ ھەدىسلەر») دېگەنىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگىچە قىسمەن قېرىنداشلىرىمىز مازارلارغا ماللارنى ئاپىرىپ سويۇپ نەزىر-نىياز قىلىپ ئۆلگەنلەردىن مەدەت تىلىشىدۇ. بۇ بىدئەت، بىدئەت گۇناھ سىزنىڭ دوزاختا كىرىدىغان بېلىتىڭىز ھېسابلىنىدۇ.

مال بوغۇزلىغاندا تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم:

1. سويىدىغان مالنى سىلاپ، سىپاپ، ئاستىراق

www.uyghurkitap.com

يىقىتىپ، پۇتلىرىنى مەھكەم باغلاش كېرەك. بوغۇزلىنىدىغان مالنىڭ ئالدىنقى ئىككى پۇتى ئارىسىغا ئارقا سول پۇتىنى كىرىشتۈرۈپ باغلاپ، ئارقا ئوڭ پۇتىنى بوش قويىمىز. مالنى زەبھى قىلغاندا ھايۋان بوش قالغان پۇتى بىلەن قاتتىق تېپىدۇ، قاتتىق سىلكىنىشتىن تومۇرلىرىدىكى قان راۋانلىشىپ پاكىز ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ جېنى چىققان-چىقمىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. بەزى قاسساپلار كۆپ ھاللاردا كالا، تۆگە قاتارلىق ماللارنى بوغۇزلاشتا تۆت پۇتىنى بىراقلا بوغۇۋېتىدۇ. بۇنداق قىلساق شەرىئەتتىكى كۆرسەتمىلەرگە تولۇق ئەمەل قىلمىغان بولىمىز.

2. مالنى قىبلىگە قارىتىپ، ئىتتىك پىچاق بىلەن بوغۇزلاشقا، قىينىماي جېنىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ مالنى ئۇرۇپ-تېپىپ، قاتتىق يىقىتىپ، گال پىچاق بىلەن قىيناپ بوغۇزلىساق گۇناھكار بولۇپ قالىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**كىمكى قۇشقاچىچەك قۇشنى سويۇشتىمۇ ئۇز رەھمدىللىكىنى كۆرسەتىدىغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىدۇ**" («سەھىھ ھەدىسلەر»، 568-ھەدىس) دېگەنىدى. پىچاق بىلەن بىر يولىلا قىزىل قان تومۇرلىرىنى، قىزىلئۆڭگەچ، كارنىيىنى كېسىپ، سۆڭەككە يەتكۈزۈش كېرەك، كاللىسىنى شۇ ھامان كېسىۋېتىشكە بولمايدۇ.

3. مال بوغۇزلاشتا سالىھ مۇسۇلمانلار تاھارەت بىلەن زەبھى قىلىشى، چوقۇم تەشرىق تەكبىرى ئېيتىپ ئاخىرىدا: "بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ پىچاق سېلىشى كېرەك. بۇ مۇھىم شەرت. قېنى تۆگەپ، جېنى چىققىچە دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇپ ئولتۇرساق ياخشى بولىدۇ. قۇشخانىلاردا بەزى پوكانچىلار تەشرىق تەكبىرىمۇ يوق، "بىسمىللاھ" مۇ يوق، پىچاق ئۇرۇپلا تاشلاپ قويىدۇ، مالنىڭ جېنى چىقماستىنلا كاللىسىنى كېسىپ، تېرىسىنى سويۇپ، ئىچ-باغرىنى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ. مۇنداق ۋەھشىيلىك بىلەن سويۇلغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ. ھالال مالنى ھارام قىلىپ ساتىسىڭىز ھەممە گۇناھ سىزگە يۈكلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: "(ئى مۇھەممەد!) **ئېيتقىنكى، گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى تىڭشىغۇچى) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار**"{سۈرە«مائىدە»(5-سۈرە)، 100-ئايەت} دەپ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ خىتاب قىلغانىدى. ئاللاھتىن قورقايلى، ئاللاھ ئالدىدا ھېساب بېرىمىز.

4. مالنىڭ جېنى چىقىشىغا يۈلۈنغا پىچاق تىقىپ، تولۇق جېنى چىققاندىن كېيىن بوغۇزلۇقىدىكى قان يۇققان يەرلىرىنى پاكىز يۇيۇش كېرەك. تېرىسىنى سويۇپ، گۆشنى كانارغا ئاسقاندىن كېيىن ئاۋۋال ئىچىدە تۇرۇپ قالغان قانلارنى پوكىنىدىن ئاققۇزۇۋېتىش، ئىچكى ئەزالىرىنى چىقىرىپ ئاۋۇ يۈرەكنى پىچاق بىلەن تىلىپ قېنىنى سىرغىتىۋېتىش كېرەك. ئاندىن كۆكرەك قىسمىغا يۇققان قانلارنى يۇيۇپ تازىلاش لازىم.

5. گۆشنى شىلگەندە، ياكى سۆڭەكنى پارچىلىغاندا ئاشكارا، يوشۇرۇن تۇرغان بەزلەرنىڭ ھەممىسىنى پاكىز ئېلىۋېتىش كېرەك. چۈنكى، بەزلەرنى گۆشكە قوشۇپ يېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

6. چارۋا ماللار بىرەر سەۋەبتىن يىقىلىپ، بوغۇلۇپ، ئاغرىپ جان تالىشىۋاتقان جىددىي پەيتتە يېنىمىزدا پىچاق قاتارلىق تىغلىق قورال بولمىسا، ئۆتكۈر قىرلىق بىرەر نەرسە تېپىپ تېرىسىنى كېسىپ قېنىنى ئاققۇزۇپ ئۆلتۈرسەكمۇ بولىدۇ. شەرتى چوقۇم"بىسمىللاھى، ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئېيتىش كېرەك. بۇ توغرۇلۇق رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "**چىش ۋە تىرناقتىن باشقا قان ئېقىتالايدىغانلىكى نەرسىلەر بىلەن بىسمىللاھ دەپ بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشنى ھالال بىلىپ يېسەڭلار بولىۋېرىدۇ**" («سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى»، 407-ھەدىس) دېگەنىدى.

7. ئەرلەر يوق ئەھۋالدا مال بوغۇزلاش جىددىي لازىم تېپىلغاندا ئاياللار بوغۇزلىسىمۇ بولىدۇ. بەزى قېرىنداشلىرىمىز شەرىئەتتىن بىخەۋەر "ئاياللار بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ" دەپ پەتىۋا توقۇپ ھالال قىلىنغاننى ھارام قىلىۋالىدۇ؛ بەزىلەر ئەزۋەيلىشىپ " ئاياللار مال بوغۇزلىسا كالتەكنى چاتىرىقىغا قىسىۋېلىپ بوغۇزلىشى شەرت" دەۋالىدۇ. بۇ قارىسىغا جۆيلىگەنلىك، ئاياللارنى كەمسىتكەنلىك. بۇ سەپسەتىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك رەددىيە بېرىمىز. ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى نافى دېگەن كىشى بەنى سەلىمە ئايمىقىلىق بىر ئادەمدىن، ئابدۇللا بولسا نافىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، كەئىب ئىبنى مالىكنىڭ بىر دېدىكى سەلئى تېغىنىڭ شەرقىدىكى بىر كىچىك تاغدا خوجايىنىنىڭ قويىنى بېقىۋاتاتتى. ئۇ بىر قوينىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر تاشنى سۇندۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قوينى بوغۇزلىدى. بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، ئۇ مالنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان («سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى»، 408-ھەدىس).

8. بازارلاردىن گۆش سېتىۋالغاندا، بۇ مالنى مۇسۇلمان بوغۇزلىغانمۇ يوق، "مۇسۇلمانچە" دېگەن ماركىسى بارمۇ، ئاشخاندىن تاماق يېيىشتە مۇسۇلمان ئاشخانىسىمۇ-ئەمەسمۇ، بۇلارغا دىققەت قىلىش، ئېنىق بولمىسا ئالماسلىق، يېمەسلىك لازىم. بەزى غەيرىي دىندىكى قاسساپلارمۇ گۆش ساتىدۇ. غەيرىي دىندىكى ئاشپەزلەر تاماق ساتىدۇ، ئۇلارنىڭ

ئىشلەتكەن گۆشلىرىنى يېيىشكە بولامدۇ؟ ئويلىنىپ كۆرسەك بولىدۇ. بەزى قېرىنداشلىرىمىز ''ئاللاھ ياراتقان مالنى كەم سويسا ئوخشاش'' دەپ يەۋېرىدۇ. قۇرئاندا ھالال، ھارامنىڭ چېگرىسى ئېنىق ئېيتىلدى. پاك، ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، ھارامنى تەرك قىلىش مۇسۇلمان بىلەن غەيرىي مۇسۇلماننىڭ پەرقى. بىز مۇسۇلمانلار چوقۇم شەرئەت ھۆكمىدىكى ھالال بىلەن ھارامنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، ھارامنى تەرك قىلىشىمىز لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە: **''ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار''** {سۈرە«ئەنئام»(6-سۈرە)، 118-ئايەت} دەپ ئېنىق بەلگىلىمە بار. ئاللاھنىڭ بۇ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ: **''ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىمانىدا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن(ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ''** {سۈرە«مائىدە»(5-سۈرە)، 93-ئايەت} دەپ، بىزنى ھارام نەرسىلەردىن داۋاملىق ساقلىنىشنى تەكىتلەپ، دىققەت قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلغان. مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھالال-ھارامنى ئايرىماي ھەم تاللىماي، ھارامنى ئىستېمال قىلسا ئىمانى بۇلغىنىپ، دىلى قارىيىپ، ئېتىقادى ئاجىزلىشىدۇ؛ سەممىي- ساداقىتى، ئەقىدە-ئىخلاسى، مۇسۇلمانلىق پەزىلىتى سۇسلىشىدۇ.

ھەممىگە قۇدرەتلىك قادىر ئاللاھ! ئىبلىس شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن، ھازازۇل ئادىمىي شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى رەھىم-شەپقەت، بەرىكىتىڭگە ئېرىشتۈرگىن. دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىمىزدا نۇرلۇق يولغا ھىدايىتىڭگە باشلىغىن، بىزگە پاكىز، مول ھالال نېمەتلىرىڭنى ئاتا قىلغىن، بىز سېنىڭ مەرھەمىتىڭگە، ئىلتىپاتىڭغا چەكسىز تەشەككۇر ئېيتىمىز؛ سېنىڭ غەزىپىڭدىن قورقۇپ، رەھمىتىڭدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، ئەمرىڭگە بويسۇنۇپ، سېنىڭ رازىلىقىڭ، غەمخورلۇقۇڭغا مۇيەسسەر بولۇشقا تىرىشىمىز (ئامىن!)

(ئاپتور: مورى ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى 3- قېتىملىق «قۇرئان كەرىم» قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى


شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى2003-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى(رامىزاننىڭ 27-كۈنى) دارىلفۇنۇن بويىچە «قۇرئان كەرىم» قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقە «قۇرئان كەرىم» قىرائىتى بىلەن باشلاندى. مۇسابىقىگە مۆھتەرەم ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇسابىقىگە ھەر بىر سىنىپلارغا بېرىلگەن سان تەلىپىگە ئاساسەن تاللانغان تالىپلار قاتناشتى. مۇسابىقە ئۈچ خىل تۈردە ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىش جەريانىدا 4 كىشىدىن تەركىب تاپقان باھالاش گۇرۇپپىسى ماھىرلارنىڭ قىرائەتىنى باشلاش، توختاش، ئوچۇق ئوقۇش، ھەرپلەرنى كىرىشتۈرۈش، ئالماشتۇرۇش، يوشۇرۇش، سوزۇپ ئوقۇش، يادلاش، ئاھاڭ جەھەتلىرىگە، بولۇپمۇ تەلەپپۇز ئورگانلىرىغا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ھەر بىر تارماق تەلەپلەرگە ئايرىم-ئايرىم نومۇر قويۇپ باھالاپ چىقتى. مۇسابىقىنىڭ بىرىنچى تۈرى بويىچە 2002-يىللىق 2-سىنىپ تالىپى نەجىبۇللا مۇسا بىرىنچىلىككە، 2000-يىللىق 1-سىنىپ تالىپى مەمەت ئىمىن ئابدۇللا ئىككىنچىلىككە، 2000-يىللىق 2-سىنىپ تالىپى ھاشىم قاسىم ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى؛ مۇسابىقىنىڭ ئىككىنچى تۈرى بويىچە 2000-يىللىق 1-سىنىپ تالىپى مەمەتئىمىن خۇدابەردى بىرىنچىلىككە، 2000-يىللىق 2-سىنىپ تالىپى ئىبراھىم ئىسمائىل ئىككىنچىلىككە، 2000-يىللىق 1-سىنىپ تالىپى ئابدۇللا ئابدۇراخمان ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى؛ مۇسابىقىنىڭ ئۈچىنچى تۈرى بويىچە 2000-يىللىق 1-سىنىپ تالىپى ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم بىرىنچىلىككە، 2002-يىللىق 1-سىنىپ تالىپى مەمەت ئىمىن ئابلىمىت ئىككىنچىلىككە، 2000-يىللىق1- سىنىپ تالىپى دۇشەن ئالى ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. مۇسابىقە ئاخىرىدا مۇسابىقىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن يۇقىرىدىكى 9 نەپەر تالىپ مۇكاپات سوممىسى، مۇكاپات بويۇمى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە مۇشەررەپ بولدى.

(شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تەمىنلىگەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى



بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: "**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن**" {سۈرە «قەسەس» (28-سۈرە)، 77- ئايەت}.

ئىسلام دىنى"ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت"كە تەڭ ئىنتىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن، مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئاخىرەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، بۇ دۇنيادا ئىجتىھاد بىلەن مېھنەت قىلىشى، بۇ دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، قىسقىغىنە ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشى، ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە مۇشەررەپ بولۇشقا پائال ئىنتىلىشى كېرەك.

* * *

## بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: "**(قىيامەت كۈنى) ھەممىلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، شۈبھىسىزكى، مەخلۇقاتنى دەسلەپتە ئاللاھ ياراتقان، (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى) ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ، كۇففارلارنىڭ بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن، (دوزاختىكى) ئىچىملىكى قاتتىق قاينىغان سۇ بولىدۇ ھەمدە ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**" {سۈرە «يۇنۇس» (10-سۈرە)، 4-ئايەت}.

مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيالىق ھايات پەقەتلا بىر سىناق مەيدانىدۇر، ئاخىرەتتە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سىناق نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلىك ھايات پەقەتلا بىر ھاياتلىق

سەپىردۇر، بۇ دۇنيا ناھايىتى قىسقا ۋاقىتلىقتۇر، ئۇ ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارى، ئۇنىڭدا نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق تەلەي سىناش بولمايدۇ. بىز ھەممىمىز ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئەمما ئاقىۋىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك فىردەۋس جەننىتىدە ياكى دوزاخنىڭ ئوت ئازابىدا بولۇشى پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان نامە-ئەمەللىرىمىزگە باغلىق. بۇ دۇنيادا ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلغان كىشى ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان گۈزەل قارارگاھقا مۇشەررەپ بولالايدۇ. بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ تەلىملىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمىغان، ھەق يولدىن يىراقلاشقان كىشى ئاخىرەتتە مۇقەررەر ھالدا ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرغان جازاغا دۇچار بولىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: ”**ئى پەرۋەردىگارىم! ئاخىرەتتىكى ھاياتتەك گۈزەل ھايات يوقتۇر**“ (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بىز بۇ دۇنيادىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتكىلا بېرىلىپ، ئاخىرەتتىكى قارارگاھىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ، ھەرقانداق ئىشقا نىسبەتەن، ئېغىر-يېنىكلىكىنى ئايرىمايدىغان، ساۋابى ئاز دەپ تەرك ئېتىدىغان، يامانلىقى ئاز دەپ ئېتىبار بەرمەيدىغان بولماسلىقىمىز لازىم.

* * *

## ھېلىلا ئۆلۈدىغاندەك ھېسسىيات بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: ”**ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن- كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر**“{سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 14-ئايەت}.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: ”**سەن بۇ دۇنيادا بىر قونۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىدەك بولغىن**“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بۇ دۇنيادىكى بارلىق ھۇزۇر-ھالاۋەت، شان-شەرەپ ۋاقىتلىقتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا ئېتىقادىمىزنى چىڭىتىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشىمىز، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن ساقلىنىشىمىز، باشقىلارنى ياخشىلىققا ئۈندەپ، يامانلىقتىن توسۇشىمىز، يېتىم-يېسىرلارنى يۆلەپ، ئاجىز-مۇھتاج كىشىلەرگە چىن دىلىمىزدىن ياردەمدە بولۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغىنىمىزدىلا ئاندىن دوزاخنىڭ ئوت ئازابىدىن قۇتۇلالايمىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: ”**كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ**“ {سۈرە «زەلزەلە» (99-سۈرە)، 7-، 8- ئايەتلەر}.

ھايات بولىدىكەن مامات بولىدۇ، ھايات-مامات ئالدىن بېكىتىلگەن. بىز ھەر ۋاقىت ئۆلۈمنىڭ يېتىپ كېلىدىغىنىغا تەييارلىق قىلىپ قويۇشىمىز لازىم، چۈنكى بىز جان ئالغۇچى پەرىشتىنىڭ قاچان يېتىپ كېلىدىغىنىنى بىلمەيمىز. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، سوراققا مەسئۇل مۇنكىر، نەكىر پەرىشتىلەر قەبرەڭگە كېلىپ سېنى سوراققا تارتقان ۋاقىتتا، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان نامە-ئەمەللىرى بويىچە دەرىجىگە بۆلۈنۈپ ئۆز سېپىدە تۇرغاندا، ھەر بىر ئادەم قىلىدەك ئىنچىكە پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە، نامە-ئەمەللەر خاتىرىلەنگەن دەپتەر ئالدىڭغا قويۇلغاندا، يۇقىرىدىكى ھە بىر جايدا، ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتى ۋە ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادىل ھۆكۈمى ۋە جاۋابى بولىدۇ.

بۇ دۇنيادا بىر قىسىم كىشىلەر پەقەت ماددىي تۇرمۇشتىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتكىلا ئاچ كۆزلۈك بىلەن بېرىلىپ، يىل بويى پۇل تېپىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئاللاھ ئەمر قىلغان شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە-زاكات بېرىش، ھەج-تاۋاپ قىلىشتىن ئىبارەت بەش پەرزنى بىر ياققا قايرىپ قويماقتا، ھەتتا ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلماقتا، تۈرلۈك گۇناھى كەبىرىلەرنى سادىر قىلماقتا. بۇ دۇنيادا ماددىي پاراغەتكىلا بېرىلىپ كېتىش، پۇل-مال مەستانىسى بولۇش، كەيپ-ساپادىن قىلچە ئۆزىنى تارتماسلىق، ھاۋايى-ھەۋەسكە چىرمىلىپ قىلىش قاتارلىقلار تولىمۇ خەتەرلىكتۇر. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بايلىق تاماسىدىلا بولۇپ، مېھرى-شەپقەتنى ئۇنتۇپ، مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەت ئىشلىرىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەي، ئەتراپىدىكى نامرات مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇكى: "**بىراۋغا بىراۋ قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ فىدىيىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدىغان، ئۇلارغا (يەنى كۇففارلار ۋە گۇناھكارلارغا) ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار**" {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 123-ئايەت}.

بىز شۇنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز لازىمكى، بۇ دۇنيالىق ھايات پەقەتلا بىر سىناقتۇر، بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ زىرائەتگاھىدۇر. ھاياتلىق پۈرستى پەقەت بىرلا قېتىم بولىدۇ، شۇڭا بىز چوقۇم ئېتىقادتا مەھكەم تۇرۇشىمىز، بەش پەرزنى ئىزچىل ئورۇندىشىمىز، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىملىرى بويىچە، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشىشىمىز، مۇسۇلمان ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز ئارقىلىق، بۇ دۇنيا سىنىقى ئىچىدە ئاخىرەتلىك گۈزەل قارارگاھقا ئىنتىلىشىمىز لازىم.

* * *

## دۇنيادا گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ھېسسىيات بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇكى: "**ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار**" {سۈرە «جۇمۇئە» (62-سۈرە)، 10-ئايەت}.

ئىسلام دىنى ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان دىن، ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ۋە بارلىق مەۋجۇداتلارنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسانلارغا تۈرلۈك سەزگۈ ئەزالار ۋە ئەقىل-ئىدراكنى ئاتا قىلىپ، ئىنسانلارنى ئاللاھنى تونۇشقا ۋە ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدە ياراتقان تۈرلۈك-تۈمەن نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تائالا ئىنساننى قان ۋە گۆشتىن تۈزۈلگەن تەن بىلەن ئاپىرىدە قىلدى. ئىنسانغا يەنە تۈرلۈك ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى ئاتا قىلدى. ئىنسانلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى يوللۇق ئېھتىياجلىرى ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىدۇر. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى ئىنسانلارنى تەبىئەت ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، تەبىئەتنى ئېچىشقا، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ھەممە ئىنسانلارغا بەخت-سائادەت يارىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىنسانلارنى ئاللاھ ئاتا قىلغان تۈرلۈك-تۈمەن نېمەتلەردىن بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىنى تونۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار (يەنى خادىملار ۋە ھايۋانلار) ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق**" {سۈرە «ھىجر» (15-سۈرە)، 20-ئايەت}.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىي شارائىتلارنى يەنى تەبىئىي مۇھىت ۋە تۈرلۈك-تۈمەن تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ ئېچىشى، پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**ئاللاھ چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلار (نىڭ يۇڭى ۋە تېرىسى) بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار (نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغى)دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلار(نىڭ گۆشلىرى)نى يەيسىلەر**" {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 5-ئايەت}. "**ئاللاھ سىلەرنى دېڭىزنىڭ يېڭى گۆشلىرى (يەنى بېلىقلىرى)نى يېسۇن، تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى(يەنى ئۈنچە-مارجانلار)نى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن يېمەك-ئىچمەكلەر ۋە يۈك-تاقلار قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن**" {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 14-ئايەت}.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە شۇنداق ئېنىق نەسىھەت قىلغانكى، مۇسۇلمانلار يۈك-تاقلار قاچىلانغان كېمىلەردەك دولقۇنلارنى يېرىپ ئۆتۈپ يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى تەلەپ قىلىشى، بۇ دۇنيادا گۈزەل ھايات بەرپا قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك. مانا بۇ بىز مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئاكتىپ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىدە نامراتلىقتىن پات-پاتلا ئاش-تاماق ئۈزۈلۈپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ بىر موماينىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭغا 16 چېلەك سۇ توشۇپ بېرىپ، بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن 16 تال خورمىغا ئېرىشكەن. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خورمىلارنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، بولغان

ئىشلارنى ئېيتقان. مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، خورمىلارنى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە يېگەن. ئىسلام دىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشقا، نېمەتلەرگە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: "**كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان يېمەكلىكىدىن ياخشىراق يېمەكلىك يوق. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياشايتتى**" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇركى، ئەبۇل ئەھۋەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا ناچار كىيىملەر بىلەن كىرگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھ: "**سېنىڭ پۇل-مېلىڭ بارمۇ؟**" دەپ سورىدى، مەن: "بار" دېگەن ئىدىم، "**قايسى خىلدىكى ماللىرىڭ بار؟**" دېدى، مەن: "تۆگە، قوي، ئات ۋە قۇللاردىن ئىبارەت ماللىرىم بار"، دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: "**ئاللاھ ساڭا پۇل-مال بەرگەن ئىكەن، ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن نېمىتى ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئەسىرى كۆرۈلسۇن**" دېدى (ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستە شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە بىچارىلەرچە ياشىماي، مەردانە ياشاشنىڭ لازىملىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: "**ئېيتقىنكى، 'ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟'**" {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە) 32-ئايەت}، "**بەزى كىشىلەر: 'پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن' دەيدۇ**" {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 201-ئايەت}.

ئىسلام دىنى دۇنيادا ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمەسلىككە ھەتتا ئۆزىنى دۇنيانىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن تەرك قىلىپ، دۆلەت، جەمئىيەت ۋە ئائىلە ئالدىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلماسلىققا، ئەتراپىدىكى ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىشقا، نامراتلارغا بىلىپ تۇرۇپ ياردەم قىلماسلىققا، ھاياتى خەۋپلىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قۇتقۇزماسلىققا قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ پرىنسىپىغا خىلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە بەرگەن تەلىملىرىگە خىلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ تۇتقان يولىغا خىلاپتۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئۈچ ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ قىلىدىغان تائەت-ئىبادىتىدىن سورىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز ساناپ: ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئىلگىرىكى ۋە ئاخىرقى گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەن تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيتتۇق؟ دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: "مەن ھەمىشە كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن"، دېدى. يەنە بىرى: "مەن ھەمىشە روزا تۇتىمەن، ھەرگىز ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن"، دېدى. يەنە بىرى: "مەن ئاياللاردىن يىراق بولىمەن، ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن"، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارغا دېدىكى: "**سىلەر مۇنداق دەپسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھدىن بەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن، روزا (نەفلى روزا)نىمۇ بەزىدە تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس**" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئەزھەر شەرىفنىڭ سابىق شەيخى، دىن ئىشلىرى ۋە ۋەقفە ۋازارىتىنىڭ سابىق ۋەزىرى، ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر ئىسلام ئالىمى شەيخ مۇھەممەد مۇتۋەللى شەئراۋىي ئۆزىنىڭ «بۈيۈك پەتۋالار» دېگەن كىتابىدا: "ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى ئۇنىڭغا تائەت-ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى، بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. تائەت-ئىبادەت پەقەت ناماز ئوقۇش، ھەمدۇ-سانا ئوقۇشنىلا دالالەت قىلامتى؟ ئۇنداق ئەمەس. «قۇرئان كەرىم» بىزگە، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز، خىزمەتلىرىمىز، ھايات ئۈچۈن تىرىشىشلىرىمىز، ماجىرالارنى تىنچىتىشىمىز، ئالدامچىلىقنى ئاشكارىلىشىمىز، ھېكمەت ۋە نەسىھەت بىلەن باشقىلارنى چىرايلىق رەۋىشتە توغرا يولغا يېتەكلىشىمىز... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئاللاھقا بولغان تائەت-ئىبادەتلىرى جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن"

www.uyghurkitap.com

دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئەمەل-ئىبادەتلەر بىلەنلا ئىسلام دىنىنى شەرھلەيدىغانلار، ئىسلام دىنىنى پەقەت قاتماللىقتا ئېلىپ بېرىشنى ئويلايدىغانلاردۇر. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنى ئىبادەت، يول ۋە ھاياتنىڭ مىزانىدۇر...، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى خىلمۇ-خىل ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئىسلام دىنىنىڭ تەلىپى بويىچە يېتەكلەيدىغانلار ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان شۇنى بىلىۋېلىشى كېرەككى، قىيامەت كۈندىكى سوراق ھەقتۇر، ئىنسانلارنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىنىڭ سورىقى بولىدۇ. باشقىلارنى ۋە جەمئىيەتنى ئالداش ئاللاھ تائالانىڭ ئەقىدە مىزانىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىق، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى-پەرمانىنى رەت قىلغانلىق، زېمىننى بۇلغىغانلىق بولىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى يۈكسەك مەنىۋى ھايات بىلەن يېتەكلەيدۇ. مەسىلەن، ئىنساننىڭ مەقسىتى پۇل-مال توپلاش بولماسلىقى، ئۇنىڭ پۇل-مال توپلاشتىكى مەقسىتى ھەققانىيەتتە تۇرۇش، ئۆشرە-زاكات ئاجرىتىش، نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن بولۇشى لازىم. ئىنسان شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، خىش-ئەقرىبالار بىلەن باردى-كەلدى قىلىشنىڭ ئۆزى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئەمەللەرنى ياخشى ئورۇندىغانلىقنىڭ ئۆزى دوزاخنىڭ ئازابىدىن ساقلايدۇ، شۇنداقلا زېمىندا يامان ئاقىۋەتتە قېپقېلىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ".

بۈگۈنكى جەمئىيەت زامانىۋىلىشىش قەدىمى ئۈزلۈكسىز تېزلىشىۋاتقان، جەمئىيەت تەرەققىياتى كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان جەمئىيەت. ئەگەر بىز پەقەتلا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئوزۇق-تۈلۈككە ئېرىشىش، كېيىنىش-قورساق تويغۇزۇش ئىشىنى ھەل قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالىدىكەنمىز، رىقابەتلەر ئۆتكۈرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ھەرگىز يېتىشەلمەي، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللاپ تاشلىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دىنىي ئىلىملەرنى ۋە باشقا ھەر خىل پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، مۇسۇلمان جامائەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئورتاق ئىنتىلىشىمىز لازىم.

شەيخ مۇھەممەد مۇتىۋەللى شەئراۋىي ئۆزىنىڭ «بۈيۈك پەتىۋالار» دېگەن كىتابىدا "دىنىي ئەمەللەرنى [illegible] كەلتۈرۈشنى باھانە قىلىپ دۇنياۋى ئىشلارنى قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلىش مەسىلىسى"گە قارىتا جاۋاب قايتۇرغاندا: "دىنىي ئەمەل-ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشنى باھانە قىلىپ، دۇنياۋى ئىشلارنى قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلىدىغانلارغا بىز شۇنداق دەيمىزكى: 'ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە مۇكاپات قىلىدىغان نېمەتنىڭ كۆپ-ئاز بولۇشى، سىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرىڭىز ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنياۋى ئىشلىرىڭىزنىڭ مېۋىسى ۋە ئىخلاسلىق دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ.' ئاخىرەتتە ئەمەل-ئىبادەتلەر ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەر ئىچىدىكى دۇنياۋى ئىشلار بولمايدۇ، ئۇ يەردە پەقەت بۇ ئىككىسىنىڭ مۇكاپاتى بولىدۇ. مۇكاپاتىڭىزمۇ ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئورۇندالمىغان ئەمەللەرگە ھەرگىز مۇكاپات بېرىلمەيدۇ. سىزنىڭ دۇنياۋى ئىشلىرىڭىز قوپ-قۇرۇق بولسا، قانداقمۇ بۇ جەھەتتە مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيسەن؟ شۇڭا، بۇ دۇنيامۇ ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ". شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى ياخشى ئەمەللەرنى قىلايلى، ياكى تىرىشىپ دۇنياۋى خىزمەتلەرنى قىلايلى، بۇ دۇنيا ئۈچۈن تىرىشايلى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسىتى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا مۇشەررەپ بولۇش ئۈچۈندۇر، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرەتتىكى قارارگاھىمىزغا ئېرىشىشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: "**ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر**" {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 30-ئايەت}.

"**بۇ دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك؛ ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك**"، دېگەن روھ بويىچە، ھەممىمىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشلاپ بەرگەن يولدا مېڭىپ، ئاخىرەتتىكى گۈزەل قارارگاھىمىز ئۈچۈن ئىككى ئالەملىككە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولايلى. ئامىن!

((«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» (ئىككىنچى توپلام) 74-94 بەتلەردىن ئېلىندى)

# مۇسۇلمانلار نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: ”**ئېيتقىنكى، ’مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئەگەشمەيمەن، بولمىسا مەن ئازغان بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولماي قالىمەن**“ {سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 56-ئايەت}. ”**ئۇنداق ئەمەس، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار بىلىمسىزلىكتىن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى**“ {سۈرە«رۇم» (30-سۈرە)، 29-ئايەت}.

نەپسى خاھىش ئەرەبچىدىكى ”هوى النفس“ (ھەۋايى نەفسى)نىڭ تەرجىمە مەنىسى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ شەخسىي ئارزۇ- ھەۋەسلىرىگە قارىتىلغان، ئۇ ئاللاھ يولىغا خىلاپ كېلىدىغان، باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە زىيان- زەخمىتى بولىدىغان شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك قىلمىشلاردىن ئىبارەت. نەپسى خاھىش كىشىلەرنى ھەققانىي يولدىن ئازدۇرۇپ، ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. نەپسى خاھىشقا يەنە ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق، ئۆچمەنلىك، ئىغۋاگەرچىلىك قاتارلىق ھەر خىل غەيرى ساغلام مەنىۋى ۋە ئىدىيىۋى ئىللەتلەرمۇ كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر شەخسنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرىپى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا زىيان- زەخمەت يەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە باشقىلارغىمۇ زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدۇ، شۇڭا نەپسى خاھىش ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. ئىسلام دىنى نەپسى خاھىشقا قارشى تۇرىدۇ ھەمدە نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىشنى ”چوڭ جىھاد“ دەپ قارايدۇ.

نەپسى خاھىش ھەممە كىشىدە بولىدىغان خاسلىق بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆز پاناھىدا ساقلىغان ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان بەندىلەر نەپسى خاھىشنىڭ ئازدۇرۇشىدىن خالاس بولالايدۇ. شۇڭا، نەپسى خاھىشنى بەزى ئادەملەر يېڭەلەيدۇ، بەزى ئادەملەر يېڭەلمەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ پىر بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قابىل ۋە ھابىل دېگەن ئىككى ئوغلى بولغان، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا قابىلنىڭ ئىنىسى ھابىل تەقدىم قىلغان قۇربانلىقنى قوبۇل قىلىپ، قابىلنىڭكىنى قوبۇل قىلمىغان، شۇ سەۋەبتىن، قابىل ئىنىسىغا بولغان ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىن ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق قانلىق دېلونى سادىر قىلغان. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”**ئۇ (قابىل)نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى**“ {سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 30-ئايەت}.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ”يۇسۇف“ سۈرىسىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئايال كىشىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە بايان قىلىنغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كېلىشكەن چىرايلىق زات بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ نەپسى خاھىشنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان، ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇ زاتنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ زات ئابرۇيلۇق ئەمەلدارنىڭ ئايالىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن يىراق تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى تىزگىنلىگەن ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ ئازدۇرۇشىنى قەتئىي رەت قىلغان، چۈنكى ئۇ زات زىنا-مەئسىيەت گۇناھىنى سادىر قىلىشتىن، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە جازاسىغا دۇچار بولۇشتىن قورقاتتى، ئۆز خوجايىنىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ۋاپاسىزلىق قىلىشنى ياقتۇرمايتتى، شۇڭا يۇسۇف

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزىنى ئازغۇنلۇقنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلاپ قالالىدى. خۇددى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئېيتقىنىدەك: **"مەن ئۆزەمنى ئاقلىمايمەن، نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر"** {سۈرە «يۇسۇف» (12-سۈرە)، 53-ئايەت}.

بۇ ئايەتنى كەرىمنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەر بىر ئادەمنىڭ نەپسى خاھىشى ئوخشاشلا يامان ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆز مەرھەمىتى بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ساقلىمىغان بولسا، ئۇمۇ نەپسى خاھىشقا ئەسىر بولۇپ قالغان بولاتتى. يۇقىرىقى قىسسىدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، نەپسى خاھىش ئىنسانلار قەلبىدىكى شەيتاندۇر، ئۇنىڭ بىزگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخەس بولۇشىمىز لازىم. بىز يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىشقا يولۇققاندا ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىدىغان، ئاللاھدىن پاناھ تىلەيدىغان، نەپسى خاھىشنى ئىزگىنلەيدىغان روھىدىن ئۆگىنىپ، ئىرادىمىزنى تاۋلاپ، نەپسى خاھىش بىلەن توختىماي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا بىز **"زىيان تارتقۇچىلار"**دىن بولۇپ قالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرگىز قابىلغا ئوخشاش نەپسى خاھىشقا بېرىلىپ، ئاقىۋەتتە چوڭ بالا-قازا كەلتۈرگۈچىلەردىن بولماسلىقىمىز لازىم.

نەپسى خاھىش، بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا زىيان يەتكۈزۈپ، ئەخلاقىمىزنى بۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىمىزگە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە زور دەرىجىدە زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدۇ. ناۋادا بىز مۇسۇلمانلار نەپسى خاھىشقا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىدا قالساق، مۇقەررەر ھالدا ئەقىدىمىزگە زىيان يەتكۈزۈپ سالىمىز-دە، ھەق-توغرا يولدىن ئېغىپ كېتىپ قالىمىز. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەنىدەك: **"نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ"** {سۈرە «ساد» (38-سۈرە)، 26-ئايەت}.

ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلىدىغان ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇشقا مۇشەررەپ بولۇشىمىز ئۈچۈن، بىز ھەر ۋاقىت نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

* * *

## ئىسلام دىنى ھەممە جەھەتتە نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ

ئىسلام دىنى بىزدىن ھەممە جەھەتتە ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشنى، نەپسى خاھىشدىن قول ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. "كەلىمە شاھادەت ئېيتىش"، "ناماز ئوقۇش"، "روزا تۇتۇش"، "زاكات بېرىش"، "ھەج قىلىش"تىن ئىبارەت بەش پەرز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر پەرزنىڭ نەپسى خاھىشنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىقىشىدىن ھەر ۋاقىت ساقلىنىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان رولى بار.

"كەلىمە تەييىبە"، "كەلىمە شاھادەت ئېيتىش"— مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز كەلىمە شاھادەت ئېيتىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ھەر ۋاقىت ساقلاپ قالىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ھەمدە بىزنى ئىجازەت بېرىلمىگەن ئىشلارنى قىلىش نىيىتىدە ھەرگىز بولمايدىغان قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

"ناماز"— بىزنىڭ ھەر كۈنى بەش ۋاخ ئوقۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، بىز ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ سەۋەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىمىز، نەپسى خاھىشنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىمىز. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەنىدەك: **"(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ"** {سۈرە «ئەنكەبۇت» (29-سۈرە)، 45-ئايەت}. شۇڭا، تەقۋادارلىق بىلەن ئورۇندالغان ناماز يامان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان توساق.

"روزا"— ئىسلام دىنىنىڭ روزا تۇتۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى نەپسى خاھىشدىن ساقىت قىلىپ، ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا ئاگاھلاندۇرۇدىغانلىقىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەبى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: **"ھەر قانداق بىر بەندە ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ شۇ بەندىنىڭ يۈزىنى شۇ كۈنلۈك روزىسى سەۋەبى بىلەن دوزاخنىڭ ئوتىدىن يەتمىش يىل يىراق تۇتىدۇ"** (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك، روزا دوزاخنىڭ ئوتىدىن ساقلايدىغان قالقان، نەپسى خاھىشنى تىزگىنلەيدىغان

شىپالىق دورىدۇر.

"زاكات" ــــ بۇ پەرزنىڭ مۇھىم بىر ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ بىزنى مال ـ بايلىقتا ئۆزىمىزنىڭ نەپسى خاھىشىمىزنى تۇتۇۋېلىشىمىزغا، بېخىللىق پىسخىكىمىزنى يېڭەلىشىمىزگە، كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق قىلىشىمىزغا، ئىسلام دىنىنىڭ مال ـ بايلىق قارىشىنى تىكلىشىمىزگە ئۈندەيدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەندەك: "(ئى مۇھەممەد!) **ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن**" {سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە)، 103-ئايەت}.

"ھەج" ــــ بىزنى بۇ دۇنيالىق بارلىق ھالاۋەت ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى ۋاقىتنچە بىر يەرگە قايرىپ قويۇپ، تەقۋادارلىق ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ھەج ـ تاۋاپ پائالىيەتلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلىشىمىزغا ئۈندەيدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: "**كىمكى خۇدالىق ئۈچۈن ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماي ھەجنى تاماملاپ قايتسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاق كۈندىكىدەك گۇناھتىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ**" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئومۇمەن، ئىسلام دىنى پەرزلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلارنى ئۆز نەپسى خاھىشىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشقا، نەپسى خاھىش بىلەن توختىماي كۈرەش قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ئىپادىلەنگەن، بىز بۇنىڭ ماھىيىتىنى ئوبدان چۈشىنىشىمىز لازىم.

ئىسلام روھى بىزدىن ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىشنى، ئۆزىمىزدە ئادىل، ھەققانىي پەزىلەت يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**نەپسى خاھىشلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار، ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر**" {سۈرە «نىسا» (4- سۈرە)، 135- ئايەت}، "**ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**" {سۈرە «ھەشر» (59-سۈرە)، 9-ئايەت}.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە يۇقىرىقى ئايەتنىڭ كەرىمىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى بايان قىلىنغان: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قىيىن ئەھۋالدا قالدىم، دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئاياللىرىغا ئادەم ئەۋەتكەن، ئاياللىرى: "بىزنىڭ يېنىمىزدا پەقەت سۇدىن باشقا نەرسە يوق" دېيىشكەن، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ساھابىلىرىدىن: "**ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، بۇ ئادەمنى بۈگۈن كېچە كىم مېھمان قىلىدۇ؟**" دەپ سورىغاندا، ئەنسارىلاردىن ئەبۇ تەلھە ئىسىملىك بىر كىشى: "مەن مېھمان قىلىمەن" دەپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بارغان ۋە ئۆز ئايالىغا: "بۇ كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ مېھمىنى، ئۇنى كۈتۈۋالايلى" دېگەندە، ئايالى: "ئۆيدە پەقەت بالىلارنىڭ يەيدىغان تائامىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق" دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەبۇ تەلھە ئايالىغا: "كەچكى تاماق ۋاقتىدا بالىلىرىڭنى ئۇخلاتقىن، چىراغنى ئۆچۈرگىن، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ مېھمىنى ئۈچۈن ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ بۇ كېچىنى ئۆتكۈزۈۋېتەيلى" دېگەندە، ئايالى شۇ بويىچە ئەمەل قىلغان. ئەتىسى ئەتىگىنى بۇ مۇساپىر مېھمان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئالدىغا بارغان ۋە بولغان ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەرگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۇ كىشىگە: "**ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ يەنى، ئەبۇ تەلھە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئاخشامقى ئىشلىرىنى مەدھىيىلىدى**" دېگەن (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرىلىق مۇنۇ ئايەتنى ۋەھيى بىلەن نازىل قىلغان: "**ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ**". ئەبۇ تەلھە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىدىغان بۇ خىل ئالىيجاناب روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ھېسابلىشىپ كېتىدىغان كىشىلەر نېمە دېگەن قەبىھ!

بىزنىڭ قىلىۋاتقان ھەر قانداق بىر ئىشىمىزنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەندەك: "**كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ**" {سۈرە «زەلزەلە» (99-سۈرە)، 7-، 8-ئايەتلەر}.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن پەرىشتىلەر ئىچىدە بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى خاتىرىلەيدىغان مەخسۇس پەرىشتىلەر بار، ئۇلار ھەر ۋاقىت بىزنىڭ قىلىۋاتقان ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىمىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ ھەمدە ياخشى-يامان ئىشلىرىمىزنى خاتىرىلەيدۇ. شۇڭا بىزدە تەبىئىي ھالدا تەقۋادار بولۇش روھىي ھالىتى ۋە ئۆزىمىزنى كونترول قىلىپ تۇرۇش ئېڭى پەيدا بولىدۇ-دە، نەپسى خاھىش ئىللەتلىرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بولىمىز. ئومۇمەن، بىزنىڭ سۆز-ھەرىكىتىمىز مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن يەردە بولسۇن، باشقىلار كۆرسۇن-كۆرمىسۇن، ھەممىسىدە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇدىغان، ئىچى بىلەن تېشى، دىلى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولىدىغان بولۇشىمىز لازىم. بىز پەقەت ھەرقايسى ئەمەللەر ۋە ئەقىدىلەر تەلەپلىرىنى چۈشىنىپ ۋە ئۇلارنى ئىسلام دىنى تەلىپى بويىچە بېجىرىپ، نەپسى خاھىشىمىزنى يېڭىدىغانلا بولساق، ئۇ ھالدا بىز ئوچۇق-ئاشكارا، ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن بولغان بولىمىز.

* * *

## نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىش ئىماننى قوغداپ، ئەخلاقىي پەزىلەتنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان "چوڭ جىھاد"دۇر

ئىسلام دىنى نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە بۇ خىل كۈرەشنى "چوڭ جىھاد" دەپ قارايدۇ. ھىجرىيەنىڭ توققۇزىنچى يىلى يەتتىنچى ئايدا، مۇسۇلمانلار بىلەن رىملىقلار ئوتتۇرىسىدا تەبۇك جېڭى بولغان. بۇ قېتىمقى جەڭگە ئاتلانغۇچىلار ئۇزۇن سەپەر قىلىش، ھاۋا ئىسسىقلىقىغا بەرداشلىق بېرىش، ئوزۇقلۇقنىڭ كەم بولۇشىغا سەۋر قىلىش سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرىشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رىملىقلارنىڭ قوشۇنى كۈچلۈك ئىدى، بۇ خىل شارائىت ئاستىدا، بىر مۇنچىلىغان مۇسۇلمانلاردا قورقۇنچ پەيدا بولۇپ قالغانىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسكەرلىككە ئادەم ئالماقچى بولغىنىدا، بىر مۇنچىلىغان كىشىلەر تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزلىرىنى بۇ ئىشتىن يىراق تۇتقانىدى، "بەزىلەر بارغىچىلىقىمىز يوق" دېسە، "بەزىلەر سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس" دەپ، يەنە بەزىلەر "ئائىلە ئىشلىرىدىن ئايرىلالمايمەن" دەپ، ھەر كىم ھەر خىل نىيەتلەردە بولۇپ جەڭگە چىقالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى، نەتىجىدە، ئاران ئوتتۇز مىڭ مۇسۇلمان بۇ قېتىمقى جەڭگە ئاتلىنىدىغان بولدى. جەڭگە ئىشتىراك قىلغان مۇسۇلمانلار جەڭدىن قايتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلاردا دەسلەپ ئىپادىلەنگەن شەخسىي غەرەزلەرگە قارىتا ئاگاھ بېرىپ: "**بىز كىچىك جىھادتىن چوڭ جىھادقا قايتىپ كەلدۇق**" دېگەنىدى. بۇ يەردە زىكرى قىلىنغان چوڭ جىھاد ھەر كىمنىڭ خىلمۇ-خىل نەپسى خاھىشلىرى ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مۇنداق دېگەن: "نەپسى خاھىشنى تىزگىنلەش چوڭ جىھادتۇر".

رەسۇلۇللاھ ۋە دانىشمەن خەلىپىلەرنىڭ نەپسى خاھىشنى تىزگىنلەشنى "چوڭ جىھاد" دەپ ھېسابلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، نەپسى خاھىش خۇددى يوشۇرۇن دۈشمەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تاشقى دۈشمەندىنمۇ قىيىن. قولىغا قورال-ياراق ئالغان دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇش ئاسان ئەمەس، نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىش تېخىمۇ قىيىن. گەرچە بىز قورال-ياراقلارنى كۆرەلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قارشى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى ئىشقا سېلىپ باتۇرانە كۈرەش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، نەپسى خاھىشقا تاقابىل تۇرۇشنى ئاللاھ يولىدا "جىھاد قىلىش" دەپ ھېسابلىشىمىز كېرەك. شەيتاننىڭ نەپسى خاھىش ئارقىلىق بىزنى ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ تائالادىن ھەر ۋاقىت مەدەت تىلىشىمىز كېرەك. ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا نىيەت باغلىغاندا، ئۇنىڭغا خۇددى ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭچىلەردەك پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئاتلىنىشىمىز لازىم.

نەپسى خاھىش، ئىسلام دىنى تەرغىب قىلىدىغان ساغلام جەمئىيەت بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ، ئەگەر بىز قارىغۇلارچە نەپسى خاھىشقا ئەگەشسەك، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەخلاقىدىن مەھرۇم بولغان بولىمىز، ئازغىنا مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-ئىدراكى ۋە ۋىجدانىنى يوقىتىپ قويىمىز؛ شەخس ئۆزىنىڭ نەپسىگە تويمىغانلىقىدىن، نەپسى خاھىش قايىنىمىدا غەرق بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى يوقىتىدۇ؛ نەپسى خاھىشنىڭ يامىرىشى سەۋەبىدىن، جەمئىيەتتە خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك، پارا بېرىش، پارا ئېلىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن چوت سوقۇشتەك ئىللەتلەر ئەۋج ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: "**(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئاللاھ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ئاللاھ**

**قولىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز-نەسىھەت ئالماسسىلەر؟"** {سۈرە «جاسىيە» (45-سۈرە)، 23-ئايەت}.

شۇڭا، ئەگەر بىر ئادەم نەپسى خاھىشنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۆلچەرلىگۈسىز بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنداقتا بىز مۇسۇلمانلار نەپسى خاھىش بىلەن قانداق كۈرەش قىلىمىز؟ ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا نەپسى خاھىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەقىل-ئىدراكنى ياراتقىنىدا، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-ئىدراك بىلەن نەپسى خاھىشنى يېڭىشىنى ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى سىناشنى مەقسەت قىلغان.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دەيدۇ: "**ئەڭ باتۇر كىشى، نەپسى خاھىشى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن كىشىدۇر**"، چۈنكى نەپسى خاھىشنى تىزگىنلىيەلمىگەندە يامان نىيەت كېلىپ چىقىدۇ، يامان نىيەت جىنايەت سادىر قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، بىز چوقۇم گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتتە چىڭ تۇرۇشىمىز، يامان ئىشلاردىن نېرى بولۇشىمىز، ئاچكۆزلۈك ۋە ھەشەمەتلىككە بېرىلمەسلىكىمىز، خىلمۇ-خىل ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە ئەقىل-ئىدراك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، نەپسى خاھىشقا ئەقىل-ئىدراك بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىز، ياخشى ئەمەللەر بىلەن يامان ئىشلارنىڭ ئالدىنى توسۇشىمىز لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، نەپسى خاھىش يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، قەبىھ-رەزىل ئىشلار ئەۋج ئالىدۇ-دە شەيتانلارنىڭ سېپىدىكىلەردىن بولۇپ قېلىش خەۋپىگە ئۇچراپ قالىمىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇكى: "**ئى مۆمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر)گە، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ**" {سۈرە «نۇر» (24-سۈرە)، 21-ئايەت}.

شۇڭا، نەپسى خاھىش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇشىمىز ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلىشىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتتىكى بارلىق رەزىل ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. نەپسى خاھىشنى تىزگىنلەش، يېڭىش ۋە توغرا يولدا مېڭىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى، گۈزەل ئارامگاھقا ئېرىشىشنىڭ ئاساسى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇكى: "**پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ**" {سۈرە «نازىئات» (79-سۈرە)، 40-، 41-ئايەتلەر}.

نەپسى خاھىشنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ھەر خىل بولىدۇ، شۇڭا بىزنىڭ نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ئۇسۇلىمىزمۇ ھەرخىل بولۇشى لازىم. مەسىلەن، ھېرىپ-چارچىغىنىمىزدا ھۇرۇنلۇقنى يېڭىپ ناماز ئوقۇشىمىز، باشقىلار مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندە ھەسەت قىلماسلىقىمىز، قىيىنچىلىقتا قالغان چاغدىمۇ بېخىللىق قىلماي سەدىقە بېرىشىمىز، دەرغەزەپ بولغاندا ئىمكان قەدەر ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىشىمىز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنى چۈشىنىش زۆرۈركى، بىزنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىشىمىز ياكى ئۆزىمىزمۇ سېزەلمەي قالىدىغان چوڭچىلىقىمىز ياكى باشقىلارنى مەنسىتمەسلىكىمىز، ئەمەلىيەتتە نەپسى خاھىشقا باش ئەگكەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، مال-دۇنيا ۋە ھەرخىل راھەت-پاراغەتنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشىمىزنىڭ ئۆزى نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلغانلىق بولىدۇ؛ سودا-تىجارەتتە ئىسلام دىنى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قاقتى-سوقتى قىلماسلىق، ھىيلە ئىشلىتىپ ئېلىۋالماسلىق، نەپسى ئۈچۈن قارا نىيەتلىك قىلغۇچىلاردىن بولماسلىقىمىزنىڭ ئۆزى نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلغانلىق بولىدۇ؛ بېرىش-كېلىشتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ھەققانىي، ئادىل بولۇپ، ياغلىمىچىلىق، خۇشامەتچىلىك قىلماسلىق، ھەر قانداق ئىشتا يىپىدىن يىڭنىسىغىچە زىغىرلاپ كەتمەسلىكىمىز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلغانلىق بولىدۇ؛ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە، ئىناق ئۆتۈش، بىر-بىرىگە ئورا كولىماسلىق، مەغرۇرلانماسلىق، چوڭچىلىق قىلماسلىق، ھەسەت قىلماسلىق، غەيۋەت-شىكايەت قىلماسلىق، باشقىلارغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلغانلىق بولىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ۋە ئەخلاقى بىلەن ھەقىقىي تۈردە قوراللاندۇرۇپ، نەپسى خاھىشنى ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى دەپ قارىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇكى: "**نەپسى**

**خاھىشلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار"** {سۈرە «نىسا» (4- سۈرە)، 135-ئايەت}


ئەگەر بىز تۇرمۇشىمىز ۋە خىزمىتىمىزدە پاك ۋە ئادىل بولۇپ، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆزىمىزنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغانلاردىن بولالىساق، ئۇ ھالدا بىز نەپسى خاھىشقا تاقابىل تۇرالايدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولغان بولىمىز. نەپسى خاھىشقا تاقابىل تۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ "جىھاد"ى، نەپسى خاھىش بىلەن ھەر ۋاقىت كۆرەش قىلغىنىمىزنىڭ ئۆزى يۈكسەك دىنىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رېئال ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. ئەگەر بىز ھەق ئېتىقادتا چىڭ تۇرىدىغان، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىيدىغان، نەپسى خاھىشنىڭ زىيان- زەخمىتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرىدىغان، ئاللاھ تائالا بىزگە ئىنئام قىلغان ئەقىل-ئىدراكنى تولۇق ئىشلىتىدىغانلا بولساق، ئۇ ھالدا ئۆزىمىزنى تىزگىنلەيدىغان، نەپسى خاھىشقا ئەقىل-ئىدراك بىلەن تاقابىل تۇرالايدىغانلاردىن بولالايمىز.

ئەھلى جامائەت. بىز چوقۇم ھەقىقىي تۈردە ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىمىزنى تاۋلىشىمىز، ئۆزىمىزنى تىزگىنلىشىمىز، ھەرىكەتلىرىمىزنى ئۆلچەملەشتۈرۈشىمىز، بۇ ئارقىلىق، ھوقۇقنىڭ ئازدۇرۇشى، مال-دۇنيانىڭ قىزىقتۇرۇشى، ھۆسن-جامال ۋە ھېسسىياتلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن يىراق تۇرالايدىغان، ھەر خىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلاردىن بولۇشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا بىزنى نەپسى خاھىش ۋە شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشىدىن يىراق قىلغاي، ئاللاھ تائالا بىزگە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي.

"**ئېيتقىنكى، 'پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن'"** {سۈرە «مۆئمىنۇن» (23-سۈرە)، 97-، 98- ئايەتلەر}. ئامىن!

(«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» «ئىككىنچى توپلام» 95—119- بەتلەردىن ئېلىندى.)



# مۇسۇلمانلار تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي- ساددا بولۇشى، ئۇزۇل-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇشى كېرەك

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: **"يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ"** {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 31-ئايەت}، **"تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغاندى"** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 26-، 27-ئايەتلەر}.

بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ئەزەلدىنلا تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي-ساددا بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇزۇل-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز توغرا تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز، توغرا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللىشىمىز، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي-ساددا بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. تۇرمۇشىمىزدا «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»نىڭ تەلىملىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، بېخىللىقمۇ، ئىسراپچىلىقمۇ قىلماي، ئوتتۇرا ھال يولدا مېڭىشىمىز لازىم. بىلىشىمىز كېرەككى، پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان، بارلىق بايلىقنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى ۋە بەندىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى، شۇڭا، ئۇزۇل-چېچىش، ئىسراپچىلىق قىلىش بەندىنىڭ ئەمگەك نەتىجىسىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە مۇخالىپ ئىش قىلغانلىق بولىدۇ.

* * *

## تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي- ساددا بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئېيتىدۇركى: "ئىسلام دىنىغا كىرگەن، تۇرمۇشنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزگەن ھەم ئۇنىڭغا قانائەت قىلغان ئادەم ئۆز بەختىنى تاپقان ئادەمدۇر"(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىيلار رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: "توغرا ئۇسۇل، مۇۋاپىق يول ۋە تىرىشچان-ئىقتىسادچانلىق پەيغەمبەرلىك پەزىلەتنىڭ 25 تىن بىرىدۇر" (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىيلار رىۋايەت قىلغان).

تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي- ساددا بولۇش ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسى، شۇنداقلا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، ئاللاھ تائالا بىزنى يېتەكلەيدىغان ئوتتۇرا يول.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: **"ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق"** {سۈرە «كەھف» (18-سۈرە)، 7-ئايەت}. شۇڭا، باياشات، رەڭگە- رەڭ بولۇۋاتقان ھازىرقى تۇرمۇش شارائىتىدا، كىشىلەر تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي- ساددا بولۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئىرادە قىلماقچى بولسا، يەنىلا ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. بىز ئالدى بىلەن "ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت"كە ئېرىشىش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ھەمدە ساغلام ئالغا ئىلگىرلەيدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللىشىمىز كېرەك. "ساغلام ئالغا ئىلگىرىلەش" دېگەنلىك، بۇ دۇنيادىكى ھەشەمەتلىك ۋە پاراغەتلىككە توغرا مۇئامىلە قىلىش ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى

قاندۇرۇش ئۈچۈن بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلماسلىق دېگەنلىكتىن ئىبارەت. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (جەننەت) باردۇر**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 14-ئايەت}، "**بىز تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ-زىنەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىدۇر**" {سۈرە «تاھا» (20-سۈرە)، 131-ئايەت}.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مال-بايلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا ئىنئام قىلغان نېمىتى، مۇسۇلمانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر تەدبىرى، كىشىلەرنىڭ مال-بايلىق جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆشرە-زاكات بېرىش، سەدىقە-ئېھسان قىلىش ۋە ئىقتىسادچىل بولۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، بىز مال-بايلىقنى يالغۇز ئۆزىمىزنىڭ راھەت-پاراغەت تۇرمۇشىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلماستىن، بەلكى بۇ دۇنيالىق ئېھتىياجىمىزنى ئېنىق تونۇپ، مال-بايلىقنى ئاللاھ يولى ۋە ئىنسانىيلىق يول ئۈچۈن سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە «ھەدىس شەرىف»نى ئۆگىنىش ئارقىلىق، بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلىپ يېتەلەيمىز. ئىسلام دىنىمىزنىڭ كىشىلەرنىڭ تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي-ساددا بولۇشىنى تەلەپ قىلىشىدىكى مەقسەت: بىرىنچىدىن، بەندىلەرنىڭ ھاياتىي دۇنيانىڭ راھەت-پاراغىتىگە بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىرەتكە سەل قاراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن، بەندىلەرنى ھاياتىي دۇنيادىكى ئۆز نېسۋىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ئۈندەشتىن؛ ئىككىنچىدىن، بەندىلەرنى ئەمگەكنىڭ نەتىجىسىنى قەدىرلەيدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە شۈكرى قىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك قىلىپ ... بەندىلەرنى باي بولۇش بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ ... كەمبەغەل بولۇش بىلەن چۈشكۈنلىشىپ كەتمەي، چ... قەلبىدىن ئىسلام دىنىنىڭ "ئوتتۇرا ھال يولى"نى تۇتۇپ مېڭىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت. ئىسلام شەرىئىتىدە يەنە، بەندىلەرنىڭ بۇزۇپ-چېچىشى، ئىسراپچىلىق قىلىشى، بايلىق جەھەتتە بەسلىشىشى، ھەشەمەتچىلىكتە كۆز-كۆز قىلىشى ھارام قىلىنغان بىرمۇنچىلىغان بەلگىلىمىلەر بار. مەسىلەن، ئەرلەرنىڭ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشى، يىپەك كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىشى قەتئىي چەكلىنىدۇ، بەندىلەرنىڭ بەك تويۇپ كەتكىدەك دەرىجىدە يېمەسلىكى، توي-نەزىر ئىشلىرىنى ئاددىي بېجىرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي-ساددا بولۇش روھىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە، پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىزگە شانلىق ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم دائىم: "**پەرۋەردىگارىم! مۇھەممەد ئائىلىسىنىڭ رىزقىنى كۈن ئۆتكۈدەك بەرسەڭ كۇپايە**" دەپ دۇئا قىلاتتى (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بۇ بىر جەھەتتىن پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى ئاددىي ۋە جاپالىقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر جەھەتتىن پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي-ساددا پوزىتسىيىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم گەرچە ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ داھىيسى، ئاللاھ تائالانىڭ بەرھەق ئەلچىسى، خاتەمۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى) بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىغا تۈرلۈك-تۈمەن ئۆي تەئەللۇقاتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتمىگەن. ئەمما پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا بولسا ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس كىتابى ۋە ئۆزىنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت ئەڭ قىممەتلىك بۇ ئىككى روھىي بايلىقنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەھلى جامائەت! بىز چوقۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنى ئۈلگە قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي-ساددا بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستى، ئەمگىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە تەر تامچىلىرى بەدىلىگە كەلگەن ھەر بىر تال ئاشلىق، ھەر بىر پۇل-مالنى قەدىرلەپ، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددى-ساددا بولۇشتەك ياخشى پەزىلەتنى تىكلەيلى.

* * *

## ئىسلام دىنى بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: "**تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە(خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن، ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى**" {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 26-، 27- ئايەتلەر}.

ئىسلام دىنىمىز بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ ھەمدە بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى "**شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرى**" دەپ قاراپ، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىش قىلمىشىنى "**پەرۋەردىگارىغا كۇفرانى نېمەت قىلغان**" قەبىھ ئىش دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىسى، بارلىق نازۇ-نېمەتلەر، ھالال يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئىنئام قىلغان نېمىتى، ئىنسانلارنىڭ بۇ يېمەكلىكلەردىن مۇۋاپىق، ئۆز يولىدا بەھرىمەن بولۇش ھەققى بار، ئەمما خالىغانچە بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىش ھوقۇقى ھەرگىز يوق. بارلىق مال-بايلىققا پەقەت ئاللاھ تائالالا ھەققىي ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئىنسانلار بولسا بۇ ئامانەت(مال-بايلىق)نى ۋاقىتلىق ساقلاپ تۇرغۇچى ۋە ئىشلەتكۈچىدۇر. شۇڭا، ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەردىن يېمەكلىكلەرنى ئىسراپ قىلماسلىقنى، مال-بايلىقنى بۇزۇپ-چاچماسلىقنى تەلەپ قىلىشى، دەل بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغانلىقىمىز، ئاللاھنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغانلىقىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەكسىچە، ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار يېمەكلىكلەرنى قەدىرلىمىسەك، خالىغانچە ئىسراپ قىلساق ياكى مال-بايلىقنى پەقەت شەخسىي راھەت-پاراغەت ۋە بۇزۇپ-چېچىشقىلا ئىشلەتسەك، ئۇ ھالدا بىز، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلغان ۋە قارشىلىق كۆرسەتكەن ھېسابلىنىمىز، بۇنىڭغا ئىسلام دىنىمىز ھەرگىزمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ. خۇددى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتكىنىدەك: "**يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ**" {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 31-ئايەت}

ھازىرقى تاۋار ئىگىلىكى جەمئىيىتىدە، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى، ئائىلە ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىش ئىللەتلىرىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي تېخى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان مۇسۇلمان مىللەتلەر رايونلىرىدىمۇ ئوخشاشلا بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىشتەك ئىللەتلەر مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، بەزى مۇسۇلمانلار توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى قىلغاندا، ئۆزئارا بەسلىشىش، ھەشەمەتچىلىك ۋە سۆلەتۋازلىق قىلىش، ھەدېسىلا ئون نەچچىلىگەن ماشىنا ئىشلىتىش، ئون نەچچە شىرە مېھمان چاقىرىپ زىياپەت بېرىشتەك ئىللەتلەرنى سادىر قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا ھەج-تاۋاپ قىلغۇچىلارنى ئۇزىتىش-كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىدا ياكى بەزى دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەندە ھەشەمەتلىك قىلىشقا بېرىلىپ، ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلىدىغان ئىقتىسادچىل، ئاددى-ساددا بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ خىلدىكى يامان ئىللەتلەرگە ئىسلام دىنىمىز قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. مۇسۇلمان بولغان ھەر بىر ئادەم، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»نىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئىقتىسادچىل، ئاددى- ساددا بولۇشى، ئىسراپچىلىقنى قەتئىي تۈگىتىشى لازىم. ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى بېجىرگەندىمۇ ئاددى- ساددىلىقنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، ھەشەمەتلىك قىلىشقا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك. ئەھلى جامائەت! بىز بۇ دۇنيانىڭ راھەت-پاراغەت، كەيپ-ساپالىرىغا مەستانە بولماي، ئېتىقادىمىز ۋە ياخشى ئەمەللىرىمىزگە تايىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. شۇڭا، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا، ئىسلام دىنىمىز تەرغىپ قىلىدىغان "تېز، ئاددى دەپنە قىلىش" ئاكتىپ ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر بىز ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەر، ۋاپات بولغۇچىنىڭ نامى بىلەن نەزىر-چىراغ، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى چوڭ ئۆتكۈزسەك، قەبرىنى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسىساق، بۇ جەھەتلەردە ئۆزئارا بەسلەشسەك، سۆلەتۋازلىق قىلىپ بايلىقىمىزنى كۆز-كۆز

قىلساق، ئىسراپچىلىق قىلساق، ئۇ ھالدا بىز ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىمىز.

* * *

## مۇسۇلمانلار مال-بايلىقنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشى كېرەك

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: "**ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ**" {سۈرە «فۇرقان» (25-سۈرە)، 67-ئايەت}، "**ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**" {سۈرە «ھەشر» (59-سۈرە)، 9-ئايەت}.

ئىسلام دىنىمىز بايلىقنىڭ مۇۋاپىق، ئۆز يولىدا ئىشلىتىلىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. شەخسىي تۇرمۇشتا مۇسۇلمانلارنىڭ تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددىي ساددا بولۇشىنى، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلماسلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاللاھ يولى ۋە ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىدا كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى، ياخشىلىق قىلىشنى ۋە كەڭ قوللۇق بولۇشنى تەرغىب قىلىدۇ، بېخىللىق قىلىپ، پۇل-مالنى بېسىۋېلىشنى ئەيىبلەيدۇ. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "**مەندىن كېيىن قالغان چېغىڭلاردا زېمىننىڭ نېمەتلىرىنىڭ سىلەرگە يۈزلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىمەن**"، دېدى. ئاندىن دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، زېمىننىڭ نېمەتلىرىنى تىلغا ئېلىشقا باشلاپ، دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى قايتا-قايتا تىلغا ئالدى، بىر ئادەم قوپۇپ: "ئى رەسۇلۇللاھ! نېمەت دېگەن يامانلىق ئېلىپ كېلەمدۇ؟" دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ گەپ قىلماي جىم تۇردى، بىز ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلىۋاتىدۇ دېيىشتۇق. بۇ چاغدا كىشىلەر خۇددى باشلىرىغا قۇش قونۇۋالغاندەك جىم تۇرۇشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىدىكى تەرنى ئېتىۋېتىپ: "**ھېلى سوئال سورىغان ئادەم قېنى، پۇل-مال ياخشىمۇ؟**" دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: "**ھەقىقىي ئۆز جايىدا سەرپ قىلىنغان پۇل-مال ئەلۋەتتە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، بەزى ھايۋانلار ئوت-چۆپنى جىق يەۋېتىپ، ئۇنى سىڭدۈرەلمەي قورسىقى ئېشىپ ئۆلىدۇ، ياكى ئۆلۈشكە ئاز قالىدۇ، بەزى ھايۋانلار ئوتلاپ قورسىقى تو... كېيىن، كۈنگە قاقلىنىدۇ، شاتىراق ئۇرىدۇ، سىيىۋ... ئاندىن كېيىن بېرىپ يەنە ئوتلايدۇ. پۇل-مال دېگەنمۇ يېشىل نەرسىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈشى چىرايلىق، تەمى شېرىن نەرسە، پۇل-مالنى ھالال يول بىلەن تېپىپ خۇدالىق ئۈچۈن خەيرىيەت ئىشلىرىغا، يېتىملەرگە، پېقىرلەرگە، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلارغا سەرپ قىلغان مۇسۇلمان ئۈچۈن مال نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى. پۇل-مالنى ھارام يول بىلەن تاپقان ۋە تېگىشلىك ئورۇنلارغا سەرپ قىلمىغان كىشى يەپ تويمايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇل-مېلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ**" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: "**تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 134-ئايەت}.

شۇڭا، بىزدىكى باي بولغان مۇسۇلمانلار، قانۇنلۇق يولدا ئېرىشكەن بايلىقنى ھەققانىيەت ئىشلىرى ۋە مۇۋاپىق ئىستېمال ئۈچۈن سەرپ قىلىشى لازىم. بىز پۇل-माللىرىمىزدىن پايدىلىنىپ ئاتا-ئانىلارنى بېقىش، خىش-ئەقرىبالارغا ياردەم قىلىش، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنىلا قىلىپ قالماي، يەنە ئاللاھ تائالا بىزگە ئىنئام قىلغان پۇل-مالنى ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىپ، بۇ پۇل-ماللارنى ئومۇم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئۆيۈشتۇرۇشقا، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىشقا، نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىشكە، مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشىمىز لازىم. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: "**مۇنداق ئىككى خىسلەتتىلا بار ئادەملەردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇل-مالنىڭ ھەممىسىنى تامامەن ئورۇنلۇق سەرپ قىلغان، يەنە بىرى، ئاللاھ بەرگەن ھېكمەت بويىچە ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن**" (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ھەقىقەتەن، نامراتلىقتا قالغانلارنى يۆلەش، كىشىلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ياخشىلىق قىلىش ھەر بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇدرىتى يېتىدىغان مۇسۇلماننىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە نېمىتىگە، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشكە مۇيەسسەر قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەردۇر. بېخىللىق قىلىپ پۇل-مالنى بېسىۋېلىش ۋە بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىش ئىسلام دىنىمىز يول قويمايدىغان يامان ئىللەتلەردۇر. بېخىل-پېخسىقلارنىڭ پۇل-ماللىرى خۇددى كارغا كەلمەيدىغان مەينەت سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە ھېچ قانداق پايدىسى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىدۇركى: **"ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل-مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بويىنىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ)، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 180-ئايەت}.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دەيدۇ: **"مېيىتكە ئۈچ نەرسە بىرگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۇنىڭدىن ئىككىسى قايتىپ كېلىدۇ، بىرسى مېيىت بىلەن قېپقالىدۇ، مېيىت بىلەن ئەگىشىپ ماڭىدىغان ئۈچ نەرسە ــــ ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى، مال-بايلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەللىرى، قايتىپ كېلىدىغان ئىككى نەرسە ــــ ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن مال-بايلىقى، ئۆزى بىلەن بىرگە قېپقالىدىغان نەرسە ــــ ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىدۇر"** (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ئايەتى كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنى ئۆگىنىش ئارقىلىق شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇكى، قانۇنىي يولدا پۇل-مال توپلاش ۋە پۇل-مالنى مۇۋاپىق يولدا ئىشلىتىش يالغۇز بىر خىل مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئىستېمال قارىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەخلاق قىممىتىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، ئىنسانلار تەبىئىتىنى رۇسلاشتۇرىدىغان بىر خىل روھىي چېنىقىش ۋە ياخشى ئەمەللەردۇر. ئۇ ھەر بىر تەقۋادار مۇسۇلمان ئىرىشىپ ھازىرلاشقا تېگىشلىك يۈكسەك گۈزەل ئەخلاقتۇر.

ئەھلى جامائەت! بىز مۇسۇلمانلار چوقۇم "ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەش"تىن ئىبارەت توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدا مەھكەم تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئاددى-ساددا بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە بۇنى جارى قىلدۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»نىڭ تەلىملىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرايلى. ئاللاھ تائالا بىزگە ئىنئام قىلغان بايلىقتىن پايدىلىنىپ ئاللاھ يولىغا، كەڭ ئاممىغا ۋە جەمئىيەتكە خىزمەت قىلايلى.

ئاللاھ تائالا بىزگە مەدەت بەرگەي! ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي! ئامىن.

(«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» (ئىككىنچى توپلام)، 142 — 163-بەتلەردىن ئېلىندى.)

**قاراقاش ناھىيىسىدە ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى**

قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2003-يىلى 12-ئاينىڭ 7-كۈنى ئېچىلدى. يىغىنغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئوبۇل ھەسەن ئەخمەت، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئىسلام جەمئىيىتى، سىياسىي مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ۋە بارلىق كادىرلىرى، ھەر قايسى يېزا-بازارلىق پارتكومنىڭ دىنى خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى، بىرلىكسەپ ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە دىنىي زات ۋەكىللىرىدىن 116 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق بۇ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 71 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 27 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىر نەپەر رەئىس، تۆت نەپەر مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپى سايلاپ چىقىلدى. يىغىندا يەنە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى خىزمەت تەقسىماتى ئېنىق بېكىتىلدى. شۇنداقلا بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى.

(ھەبىبۇللا مەتسەيدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

مېنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلدى) بىلەن بولغان تونۇشلۇقۇم 60-يىللاردىن باشلىنىدۇ. 1962-يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىشلەۋاتقان چېغىمدا، ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە «دىۋان»نى تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇش قىلغانىدۇق. «دىۋان»نىڭ بۇ قېتىمقى تەرجىمىسىدە ئەرەبچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەرەبچىنى كۆرۈپ ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەن مەسئۇل ئىدىم. «دىۋان»نىڭ ئەسلى تېكىستىنىڭ «مۇقەددىمە»سىنى تۇنجى قېتىم قولغا ئېلىپ ئوقۇش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز بېرىلىپ كەتتىم. «مۇقەددىمە»دە ئىستىئارە، كىنايە، مەجاز(ئوخشىتىش) قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن قوللىنىلىشى، قاپيىداش تۈزۈلگەن نەپىس ئىبارىلەرنىڭ رەڭدار، جەزبىدارلىقى مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. مۇئەللىپنىڭ ئىبارە سۈرۈشلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ يۇقىرى بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋاستىلىرىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن خاراكتېرلەنگەنىدى.

يېتۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نىڭ «مۇقەددىمە»سىنى ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھەمدۇ-سانا سۆزلىرى بىلەن باشلاپ، كىتابنىڭ يېزىلىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ” مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەرنىڭ بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىن ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم“ («دىۋان» 1-توم، 1-بەت).

دەرۋەقە، 11-ئەسىردە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قاراخانىلار، غەزنەۋىلەر، سەلجۇقلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان خاندانلىقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى بىر ئۇرۇشۇپ، بىر ئەپلىشىپ، كۆپ چاغلاردا تىركىشىش ھالىتىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەلجۇقلارنىڭ ھەرىكىتى جانلانغان بولۇپ، ئۇزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كۈچەپ كېڭەيتىپ بېرىۋاتاتتى. سەلجۇقلار خاندانلىقى ئەسلىدە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارمىقى بولغان ئوغۇزلار تەرىپىدىن قۇرۇلغانىدى. سەلجۇق بولسا ئوغۇزلارنىڭ چىنىك قەبىلىسىنىڭ سەردارى دوقاقنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە سەلجۇق قىسىملىرىنى باشلاپ جەندگە كۆچۈپ كېلىپ ئۆز قەبىلىسى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىنى قوبۇل قىلغانىدى. ھىجرىيە 389-يىلى (مىلادىيە 998-999-يىلى) سەلجۇقلار بۇخاراغا كېلىپ يەرلەشتى. بۇ چاغدا ئەزەربەيجاندا سەلجۇقلار بىلەن كوردلار ئارىسىدا جەڭ بولدى. سەلجۇقلار رەي بىلەن ھەمەدان تەرەپلەرگە سۈرۈلۈپ، بۇ يەرلەرنى ئىگىلىدى. ئۇلار يۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىراقتىكى مەۋسىل، دىيارىبەكرى شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. 1037-يىلى مەرۋى، 1038-يىلى ھىرات ۋە نىشاپورلارمۇ سەلجۇقلار تەرىپىدىن ئىگىلەندى. كېيىن سەلجۇقلار يەنە بەلخ، جورجانلارنى ئىگىلىدى، خارەزمنى بويسۇندۇردى. سەلجۇقلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىرمان خانلىقىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل پارس زېمىنىنى بويسۇندۇردى. خۇراساننى ئىشغال قىلغاندا، جامەلەردە ئوقۇلىدىغان خۇتبىلەردە سەلجۇق سۇلتانلىرى ”ئۇلۇغ سۇلتان“ دەپ تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. سەلجۇقلار قەزۋىن بىلەن ھەمدانىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىسپاھانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇزۇنغا قالماي ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيەلەرنى ئىشغال قىلىپ، رۇم ئىمپېرىيىسى زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. بىر مەزگىل قىزىل دېڭىز ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىن تارتىپ، جۇڭگو چېگرىلىرىغىچە بارغانىدى (ۋ. ۋ بارتولدنىڭ «ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى»غا قاراڭ).

كېيىنكى چاغلاردا سەلجۇقلار بىلەن رۇم ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا دۇنيا تارىخىدا مەشھۇر «مالازگىرد» ئۇرۇشى يۈز بەردى. رۇم ئىمپېراتورى رومان دېيىككىنىس 200مىڭ

كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، كونستانتىنوپولدىن شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، هازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد قورغانىنىڭ يېنىدىكى دالىغا يېتىپ كەلگەن. سەلجۇق سۇلتانى ئالىپ ئارسلان ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ چىققان. ئەسلىدە ئالىپ ئارسلان مەسىلىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن هەل قىلماقچى بولغان. مىرخوندنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئالىپ ئارسلان رومانۇسقا يازغان خېتىدە: ''گەرچە سېنىڭ قوشۇنۇڭ كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سەن شانلىق غەلىبىلەر قۇچۇۋاتقان سۇلتانغا دۈچ كېلىۋاتىسەن، ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىڭغا پۇشايمان قىلغان بولساڭ، تاجاۋۇزچىلىقىڭنى توختىتىپ، ماڭا باج تۆلىگىن. شۇنداق قىلساڭ، پادىشاھلىقىڭ ۋە مەملىكىتىڭنى قولۇڭغا قالدۇرىمەن، ساڭا چېقىلمايمەن. ئۇنداق قىلمىساڭ، ئۆز بېشىڭغا بالا تېپىۋالغان بولىسەن'' دەپ يازغان.

ئەمما رومانۇس ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب قايتۇرغان: ''سەن ياۋايى تىنچلىقنى خالايدىغان بولساڭ، ئىشغال قىلغان زېمىنلىرىڭنىڭ هەممىسىنى ماڭا قالدۇرغىن. رەي شەهرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى سارىيىڭنى ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ماڭا تۇتقىن''. ئىككى تەرەپنىڭ كەسكىن ئېلىشىشى بىلەن ئالىپ ئارسلان غەلىبە قىلىپ، رومان دېئوگېنىس ئەسىر ئېلىنغان. جەڭ مەيدانىدا سۇلتاننىڭ مۇهاپىزەتچىلىرىدىن بىرى ئىمپېراتورغا هۇجۇم قىلغان. ئىمپېراتور: ''مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن ئىمپېراتور رومان دېئوگېنىس بولىمەن'' دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامان قالغان. ئالىپ ئارسلان ئەسىرگە چۈشكەن ''رومانوسنى تەخت ئۈستىدە يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ هۆرمەتلىگەن. مەلىكشاهنىڭ ئوغلىغا رومانوسنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرگەن''.

بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن چاغ دەل هىجرىيە 463-يىلى، مىلادى 1071-يىللىرى بولۇپ، مەهمۇد قەشقەرى «دىۋان»نى يېزىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. بۇ چاغلاردا ئىسلام ئىمپېرىيىسى هېسابلانغان ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ئاجىزلىشىپ، خەلىپە پەقەت مەنىۋى داهىي سۈپىتىدىلا مەۋجۇت ئىدى. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا خەلىپىلىكنىڭ ئەمەلىي هوقۇقى ئۇلاردا بولماستىن، ''باش ئەمىر'' دەپ ئاتىلىدىغان مەنسەپداردا ئىدى. خەلىپە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق ئىدى؛ قىلدىن قىيىق كەتسە، خەلىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا باشقىنى قوياتتى. ئەسكەرلەرنىڭ تەلىپى ئورۇندالمىسا، خەلىپە قىيىن-قىستاققا ئېلىپ جازالىناتتى. خەلىپىلىكتىن ئېلىپ تاشلانغان مۇتتەقى، قاهىرى، مۇستەكفى قاتارلىق 3 خەلىپىنىڭ كۆزلىرى ئويۇپ تاشلانغانىدى.

ئارسلان ئەبۇلهارىس بەساسىرى نىشاپور تۈركلىرىدىن بولۇپ، بەسا شەهرىدىكى بىر ئادەمنىڭ غۇلامى(بالا قۇلى) ئىدى. ئۇ خەلىپە قائىم بىئەمرىللاهنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، بارا-بارا يۈز تېپىپ خەلىپىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلانغانىدى. خەلىپە هەر قانداق ئىش قىلسا ئۇنىڭ مەسلىهەتى بويىچە قىلاتتى. ئۇ ئابباسىيلار خەلىپىسىگە قارشى چىقىپ، مىسىردىكى پاتىمىلار سۇلالىسى خەلىپىسىنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ئۇ، ئابباسىيلار پايتەختى باغداتقا بېسىپ كىرىپ، خەلىپە قائىم بىئەمرىللاهنىڭ سارىيىنى تالان-تاراج قىلدى ۋە بىر يىلدىن كېيىن توغرۇل بەگ تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

سەلجۇقلار خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى توغرۇل مەككە-مۇكەررەمەنىڭ يوللىرىنى ياساش باهانىسى بىلەن ئاۋۋال ئىراققا، كېيىن باغداتقا قاراپ يول ئالدى. توغرۇل باغداتقا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئاببىاسىيلارنىڭ خەلىپىسى قائىم بىئەمرىللاهنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، باغدات جامەلىرىنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى مۇنبەرلەردە توغرۇلنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى هەم ئۇنىڭ هەققىدە دۇئالار قىلدى. بۇ توغرۇلنىڭ باغداتقا غالىپ هۆكۈمران سۈپىتىدە كىرىشىگە هازىرلانغان جامائەت پىكرى ئىدى. توغرۇل باغداتقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا قائىم بىئەمرىللاهنىڭ ۋەزىرى چىقىپ قارشى ئالدى. توغرۇل باغداتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە مىلادى 1057-يىلغىچە تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ باغداتتا يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان دەيلەملەر زامانىدا تۈزۈلگەن قانۇننى بىكار قىلىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭى قانۇن ئورناتتى. شۇنداقتىمۇ توغرۇل يەنىلا مادارا يولىنى تۇتۇپ، ئىككى خاندانلىقنىڭ دوست ئۆتۈشىنى تەشەببۇس قىلدى. هىجرىيە 448-يىلى توغرۇل ئۆزىنىڭ قېرىندىشى داۋۇدنىڭ قىزى ئارسلان خاتۇن خەدىچىنى قائىم بىئەمرىللاهقا نىكاهلاپ بەردى، نۆۋىتىدە توغرۇل ئۆزىمۇ خەلىپىنىڭ قىزىنى ئېلىشقا ئەلچى كىرگۈزدى. قائىم بىئەمرىللاهقا بۇ ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، رەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. هىجرىيە 454-يىلى(مىلادى 1061-يىلى) تەبرىزنىڭ سىرتىدا خەلىپىنىڭ قىزىنى توغرۇل ئەقدى-نىكاهىغا ئالدى. تويلۇق ئۈچۈن يۈز مىڭ تىللا ۋە نۇرغۇن سوۋغا-سالام يوللىدى. توغرۇل بىلەن خەلىپە ئارىسىدا قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاچقا، خەلىپە توغرۇلغا ''مەلىكۇلمەشرىقى ۋەلمەغرىبى''، يەنى ''شەرق ۋە غەربنىڭ پادىشاهى'' دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن توغرۇل سەلجۇقلاردىن تۇنجى بولۇپ ئاببىاسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ

زېمىنىنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران بولۇپ قالدى. باغداتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، باغداتتا سەلجۇقىلارنىڭ قوشۇنى تۇرغۇزۇلدى. توغرۇلنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان مەلىكشاھمۇ ئاbbاسىيلار خەلىپىلىكىنى تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇ خەلىپىنى زىيارەت قىلىش نامى بىلەن باغداتقا 3 قېتىم كەلدى. 1093-يىلى3-قېتىم كەلگەندە باغداتتا ۋاپات بولدى. قائىم بىئەمرىللاھنىڭ نەۋرىسى بولغان مۇقتەدى بىئەمرىللاھ ئۆزىنىڭ ئەرەبىستان(سەئۇدى ئەرەبىستانى) زېمىنىدىكى نوپۇزىنى پەقەت مەلىكشاھنىڭ كۈچى ئارقىلىق تىكلىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەككە، مەدىنىلەردە پاتىمىلار خەلىپىلىرى نامىغا ئوقۇلىدىغان خۇتبە مۇقتەدى بىئەمرىللاھنىڭ نامىدا ئوقۇلىدىغان بولدى. مۇقتەدى بىئەمرىللاھ پۈتۈنلەي سەلجۇقىلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاستىدا ئىدى. بوۋىسى قائىم بىئەمرىللاھ سۇلتان توغرۇلغا قىزىنى بېرىشكە تەستىرەك ماقۇل بولغان بولسىمۇ، مۇقتەدى بىئەمرىللاھ ئۆز قىزىنى سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ئالغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەنىدى. خەلىپىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن سەلجۇقىلار سۇلتانلىرىنىڭ نامىغا جۈمە كۈنلىرى مەسچىتلەردە خۇتبىلەر ئوقۇلاتتى. مەلىكشاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى مۇھەممەد ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان. باغدات خەلىپىسى مۇنتەزىھرى سۇلتانلىق ئورنىنى مۇھەممەدكە ئاتا قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز سارىيىدا كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزگەن. بۇ ھەقتە تارىخچى ئىبىن خوللىكان مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: ”مەلىكشاھنىڭ ئوغلى سۇلتان مۇھەممەدنىڭ تەلىپى بويىچە خەلىپە مۇنتەزىھرىنىڭ سارىيىدا سورۇن تۈزۈلدى، خەلىپە تەختىدە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا دۆلەت ئەربابلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بار ئىدى. خەلىپىنىڭ ئۈچىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىداسى(يەكتەك)، بېشىدا سەللە، قولىدا ھاسا تۇراتتى. خەلىپە ئادەت بويىچە سۇلتان مۇھەممەدكە يەتتە قات خىلئەت(تون) كىيدۈردى، بېشىغا تاج كىيدۈردى، بويىنىغا بويۇنچاق ئاستى، قولىغا گۆھەر بىلەيزۈك تاقىدى. خەلىپە سۇلتانغا ئۆز قولى بىلەن تۇغ باغلىدى. ئۇنىڭغا 2 قىلىچنى تاقاپ قويدى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا پۈتۈن جابدۇقلىرى بىلەن بەش ئارغىماق سوۋغا قىلدى، سۇلتان مۇھەممەدنىڭ قېرىندىشى سەنجەرگىمۇ يۇقىرىقىدەك خىلئەت كىيدۈردى. سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، باغداتنىڭ پۈتۈن جامەلىرىدە سۇلتان مۇھەممەدنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇلىدىغان بولدى“.

خەلىپىلەر سۇلتان ئۇنۋانى بېرىلگەنلەرگە ”ناسىرۇددەۋلە“ (دۆلەت مەدەتكارى)، ”سەيفۇددەۋلە“ (دۆلەتنىڭ قىلىچى)، ”ئەزەدۇددەۋلە“ (دۆلەتنىڭ ياردەمچىسى) قاتارلىق لەقەبلەرنى بېرەتتى. غەزنەۋى، سەلجۇقى سۇلتانلىرىغا ھەم مۇشۇنداق لەقەبلەر بېرىلگەن. ھىجرىيە 453-يىلى(مىلادى 1061-يىلى) غەربىي قاراخانىيلاردىن ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبىن ناسىرغا ئاbbاسىيلارنىڭ خەلىپىسى قائىم بىئەمرىللاھ تەرىپىدىن لەقەب بېرىلگەن ۋە تون ئەۋەتىلگەنىدى. تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبىن ناسىر نامىغا بېرىلگەن لەقەب ئۇنۋانلىرى ۋە ئەينى زاماننىڭ قائىدىسى بويىچە خەلىپىنىڭ نامىمۇ يېزىلىپ تەڭگە پۇللار قويدۇرۇلغانىدى.

ئاbbاسىيلار خەلىپىلىكىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن بولغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ تەسىر كۈچى زور ئىدى. مىلادى 863-يىلى تەختكە ئولتۇرغان مۇستەئىن بىللاھنى ھاجىپلىق مەنسىپىدىكى چوڭ بۇغا، كىچىك بۇغا قاتارلىق تۈركىي ئەربابلار يۆلەپ چىقارغانىدى. سۆيۇتىينىڭ «تارىخۇلخۇلەفا» (خەلىپىلەر تارىخى) كىتابىدا كۆرسىتىشىچە: ”بۇ ئىككى ھاجىپنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ۋەسىف، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى بۇغا ئىدى“. خەلىپە ئۇلاردىن بىسوراق ھېچ ئىش قىلالمايتتى. تۈرك ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنسىپى بالىلىرىغا قالاتتى. چوڭ بۇغا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاجىپلىق ئورنىغا ئوغلى مۇسا ۋارىسلىق قىلدى. دېمەك، بۇ چاغلاردا ئاbbاسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ باغدات، سامەررادىن ئىبارەت ئىككى مەركىزىدە خەلىپىلىكنىڭ ھاجىپلىق، باش ھەربىي سەركەردىلىك قاتارلىق چوڭ مەنسەپلىرىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىگىلىگەنىدى. خەلىپىلىك ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىيلىقىمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ جايلارنىمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىدارە قىلاتتى. ئالايلى، نىشاپور تۈركلىرىدىن بولغان ئەبۇ سالىھ يەھيا مىلادى 777-يىلى مىسىر ۋالىيلىقىغا تەيىن قىلىندى. خەلىپە مۇئتەسىمنىڭ ھەربىي باش سەركەردىلىك مەنسىپىدە تۇرغان سابىت تۈركىي 834-يىلى، ئىناج 844-يىلى، پەتھى ئىبنى خاقان مىلادى 853-يىلى مىسىرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن تۈركىي ئەمەلدارلار ئىدى. تۈرك سەردارلىرىدىن بولغان ئەھمەد ئىبنى تولۇن مىسىر ۋالىيسى بولغان تۈرك قېيناتىسى ماجورنىڭ ياردىمى بىلەن مىسىرنىڭ ۋالىيلىقىنى قولىغا كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە سۈرىيە، ھەلەپ(سۈرىيىدىكى بىر شەھەر) قاتارلىق جايلارنى مىسىر دائىرىسىگە قوشۇۋېلىپ، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، شۇ ئارقىلىق تولۇنىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سېلىپ، 20 يىلچە

ھۆكۈم سۈردى. مىسىردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ''ئىبنى تولۇن جامەسى'' ئەنە شۇ ئەھمەد ئىبنى تولۇندىن قالغان يادىكارلىقتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن مىسىردا سەلتەنەت قۇرغان ئەخشەدىلەر، ئاتابەگلەر، ئەييۇبىلەرمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن ئىدى. ئابباسىيلارنىڭ ھەرەم سارايلىرىغا كىرگەن تۈرك كېنىزەكلىرىمۇ نوپۇز قازىنىشقا باشلىدى. خەلىپە مەئمۇنىنىڭ ئانىسى ھاراجىلە، خەلىپە موكتەفى بىللاھنىڭ ئانىسى چېچەن، خەلىپە مۇستەكفى بىللاھنىڭ ئانىسى ئالتۇن، خەلىپە ناسىردىللاھنىڭ ئانىسى ۋە خەلىپە مۇستەنسىبىللاھنىڭ ئانىسى ئەنە شۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە مەنسۇپ كېنىزەكلەردىن ئىدى. ئابباسىيلارنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن قوشۇن تەشكىل قىلىشىمۇ ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالغانىدى. مىلادى 864-، 865- يىللىرى خەلىپە مۇئتەز، مۇستەئىنغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن سەپەرۋەر قىلغان.

كېيىنكى دەۋر تۈركىي تىللىق خەلقلەر كۆپلەپ جەنۇبقا كۆچكەن دەۋر بولدى. بولۇپمۇ ئوغۇز تۈركمەنلىرى خۇراسان، شەرقىي ئىران، ئىراق، شام ۋە كىچىك ئاسىياغا تۈركۈم-تۈركۈملەپ كۆچتى. بۇ كۆچمەنلەر بارا-بارا شۇ جايلار ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەمەۋىيلەر زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرى ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ئۇ يەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى ئەرەبلەرگە خىراج(باج) تۆلەيتتى، گاھى باج ئورنىدا ئۇلارغا بالىلىرىنىمۇ ئەۋەتىپ بېرەتتى، ئۇلار قۇلغا ئوخشاش سېتىلغانلىقتىن، ئۇلارغا ''مەملۇك ياكى مەمالىك(چاكارلار)'' دېيىلەتتى. بۇنداق مەملۇكلەر خەلىپە سارايلىرىدا ئەمىرلەرگە تەقسىم قىلىنىپ بېرىلەتتى، خەلىپە قوشۇنىغا قاتناشتۇرۇلاتتى. تۈركلەرنىڭ ئەرەب قوشۇنىغا قاتنىششى ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن خەلىپە مەنسۇر(754 — 775-يىللىرى) زاماندا باشلانغانىدى.

خەلىپە مۇئتەسىم زاماندا(838-، 842-يىللىرى) تۈركلەرنىڭ نوپۇزى ناھايىتى زورايدى. مۇئتەسىم تۈركلەردىن مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان دەپ ئايرىماستىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە ئېلىۋېرەتتى. غەيرىي مۇسۇلمان تۈركلەردىن قوشۇنغا قاتناشقانلار ئاستا-ئاستا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ قولىدىكى نوپۇز بارا-بارا تۈركلەرگە ئۆتتى. خەلىپىلىكتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرنىڭ رايى بويىچە بولىدىغان بولدى. مۇتەۋەككىل(847—861-يىللىرى) زاماندا ئۇلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورايدى، مۇئتەز خەلىپە تەختكە چىققان چاغدا، ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى مۇنەججىمدىن: ''مۇئتەزنىڭ خەلىپىلىكى قانچىلىك داۋاملىشار؟'' دەپ سورىغاندا، مۇنەججىم: ''تۈركلەر ئۇنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىشىنى خالىسا ئۇ شۇ چاغقىچە داۋاملىشىدۇ'' دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇئتەسىمنىڭ زاماندا ئىسلام ئەللىرىدە تۈركلەرنىڭ نوپۇزى ئالاھىدە كۈچەيگەنىدى، خەلىپە مۇئتەسىمنىڭ ئانىسى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن ئىدى. مۇئتەسىم ئاكىسى ئەمىنىنى ئىرانلىقلار ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ ئۇلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ، تۈركلەرنى ئۆزىنىڭ يېقىن ياردەمچىسى قىلىۋالغانىدى. تۆرلۈك يول بىلەن باغداتقا كېلىپ قالغان، خەلىپە مۇئتەسىمگە تەۋە تۈركىي غۇلاملارنىڭ ئۆزىلا 18 مىڭدىن ئاشاتتى. خەلىپە مۇئتەسىمنىڭ قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈركىي تىللىق ئەسكەرلەر تەشكىل قىلاتتى. خەلىپە مۇئتەسىم زاماندا تۈركلەرنىڭ كىيىم-كېچەك جەھەتتىكى ئادەتلىرىمۇ سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. ئالدى بىلەن مۇئتەسىمنىڭ ئۆزى ئەرەبلەرنىڭ كىيىمىنى تاشلاپ، تۈركلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يۈرگەنىدى. سۇلتان توغرۇل زاماندا نورۇز بايرىمى بايرام تۈسىنى ئالغانىدى. ئۇ، ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغلاردىمۇ نورۇز مۇناسىۋىتى بىلەن دەم ئېلىشقا قويۇۋېتەتتى. سۇلتان توغرۇل نورۇز كۈنى خەلىپە قائىم بىئەمرىللاھقا سوۋغا سۈپىتىدە قىممەتلىك جاۋاھىراتلار بىلەن 10 مىڭ تىللا سۇنغانىدى.

خەلىپە مۇئتەسىم زاماندا غەيرى ئەرەبلەرنىڭ نوپۇزى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. مۇئتەسىم ئۆزىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مىسىرلىقلاردىن مەخسۇس قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلارغا ''مەغارىبە'' دەپ نام بەرگەن. تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن بىر قوشۇن تەشكىللەپ ئۇلارغا ''پەراغىنە'' ياكى ''ئەتراك'' دەپ نام بەرگەن.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» مۇقەددىمىسىدە «دىۋان»نى خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللاھقا ئارمىغان قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇلقاسىم ئۇدرە تۇددىن ئابدۇللا بولۇپ، ئاتىسى زەخىرۇددىن ئەبۇلقاسىم مۇھەممەد ۋاپات قىلغاندا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئىدى. ئۇنى چوڭ دادىسى خەلىپە قائىم بىئەمرىللاھ قېتىرقىنىپ تەربىيىلەپ، ئەخلاقىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىن يارامliق قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. مۇقتەدى 20 يېشىدا ھىجرىيە 467-يىلى (مىلادى 1075-يىلى) شەئبان ئېيىنىڭ(ھىجرىيە 7-ئاينىڭ) 13- كۈنى جۈمە كۈنىدە ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر ۋە يۇرت چوڭلىرى قاتناشقان كاتتا مۇراسىمدا خەلىپىلىك تەختىدە

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرىدۇ. چوڭ ئەربابلاردىن ئەڭ ئاۋۋال خوجىزادە شەرىف ئەبۇ جەئفەر خەلىپىگە قول بېرىپ بەيئەت قىلىدۇ. بەيئەت قىلىش جەريانىدا ئەبۇ جەئفەر: ”ئارىمىزدىن بىرەر باشلىق تۈگىسە، ئورنىغا يەنە بىر باشلىق چىقىدۇ“ دەپ شېئىر باشلايدۇ. بۇ چاغدا خەلىپە: ”بۇ باشلىق ئەمەلىيەتچىل بولسا، كىشىلەر ياقتۇرىدۇ“ دەپ شېئىرنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرىدۇ. ئارقىدىنلا خەلىپىگە ئەبۇ ئىسھاق شىرازى(نىزامىيە مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى) ئەبۇ نەسىر ئىبنى سەيباغ، ئەبۇ مۇھەممەد تەممى قاتارلىق ئالىملار بەيئەت قىلىدۇ.

«مۇقەددىمە» دە مەھمۇد قەشقەرى خەلىپە مۇقتەدىنى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەپ ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مۇنداق قىلىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. خەلىپە مۇقتەدى دۆلەتنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى قىلغان. جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۈچەيتكەن، قىمارخانا، پاھىشخانىلارنى يوقاتقان. كەپتەرۋازلىق، بىكار تەلەپلەرگە چەك قويغان. مۇنچا-سەرراپلاردىن چىققان پاسكىنا سۇلارنى دەجلە دەرياسىغا ئېقىتىۋېتىشنى توسقان. ئايرىم قۇدۇقلارنى كولىتىپ پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىشنى يولغا قويغان، ئىلىم ئىشلىرىنىڭ راۋاجىغا ئىمكان بېرىپ، ئالىملارنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرگەن. مەھمۇد قەشقەرى «مۇقەددىمە»دە: ”**تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ**“(«دىۋان»، 1- توم، 2-بەت) دېگەن ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇنى ئىشەنچلىك بۇخارالىق بىر ئالىم بىلەن نىشاپۇرلۇق بىر ئالىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى، يەنى تەلىم ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ يەردە ”ئاڭلىدىم“ دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز ئەسلى تېكىستتە ”سەمىئتۇ“(سەمئتۇ) بولۇپ، ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھى(تەبىرى) بويىچە ئېيتقاندا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ”ھەدىس ئۆگەندىم“ دېگەن بولىدۇ. دېمەك بۇ سۆز ھەدىس ئۆگەنگۈچى شاگىرت بىلەن ئۆگەتكۈچى ئۇستازنىڭ ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەھمۇد قەشقەرى ھەدىس ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، بۇخارا، نىشاپۇرلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەينى زامانلاردا بۇخارا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ مەركىزى بولغان، بۇخارا ئۆزىنىڭ مەدرىسلىرى، يېتىشتۈرۈپ چىققان ئالىملىرى بىلەن جاھانغا داڭ چىقارغان، تالىبۇلئىلىملەرنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ قىبلىگاھى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە داڭدار ئالىملارنىڭ نۇرغۇنى بۇخارا مەدرىسلىرىنىڭ ئۆزۈپ چىققان ...دەم تالىبۇلئىلىملىرى ئىدى. ھەدىسشۇناسلىق بۇرۇندىن تارتىپ بۇخارادا ئالاھىدە راۋاجلانغ... ھەدىسشۇناسلارنىڭ پىرى، ئەڭ مۆتىۋەر كىتاب «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام بۇخارى ئەنە شۇ بۇخارادا يېتىشكەنىدى.

نىشاپۇرمۇ بۇخاراغا ئوخشاش ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەينى چاغلاردا ئابباسىيلار دۆلىتىدە ئىككى ئىلىم مەدرىسىنىڭ بىرى باغدات، يەنە بىرى نىشاپۇر ئىدى. ئىسلامىيەت تارىخىدا تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن نىزامىيە مەدرىسىنىڭ بىرى باغداتتا، يەنە بىرى نىشاپۇردا تەسىس قىلىنغانىدى. ئىلىم سورۇنلىرى، بىلىم ئېلىش جايلىرى مەسچىتلەردىن مەدرىسلەرگە كۆچكەن دەۋرلەردە نىشاپۇر شەرقنىڭ كۆزىنكى، فازىللارنىڭ كانى، ئۆلىمالارنىڭ ماكانىغا ئايلانغانىدى.

مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلىغا توشقان تىلشۇناس بولۇش بىلەن بىرگە تەفسىر، ھەدىس، فىقھى(قانۇنشۇناسلىق) قاتارلىق ئىسلامشۇناسلىق بىلىملىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەنىدى. يۇقىرىدىكى ھەدىسنى بۇخارالىق ۋە نىشاپۇرلۇق ھەدىس ئالىملىرىدىن ئۆگەنگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇخارا ۋە نىشاپۇر قاتارلىق ئىلىم مەركەزلىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى ئېنىق. ئىمام بۇخارادىن قالسىلا 2-ئورۇندا تۇرىدىغان، مەشھۇر ھەدىس كىتابى «سەھىھ مۇسلىم»نىڭ مۇئەللىپى مۇسلىم ئىبنى ھوججاج نىشاپۇرلۇق ئالىم ئىدى. ئىمام بۇخارى نىشاپۇرغا كەلگەندە، مۇسلىم ئۇنىڭدىن ھەدىس ئىلمى ئۆگەنگەن ۋە ئىمام بۇخارىدىن ئۆرنەك ئالغانىدى. نىشاپۇر-ئەبۇلئاببەس ئۇلئەسەم، ئەبۇ مەنسۇر، ئابدۇلمەلىك، ئەبۇ ئابدۇللاھ ھاكىم قاتارلىق ھەدىس ئالىملىرى ئۆتكەن يۇرت ئىدى. يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئىككى ئالىم ئەسلى تېكىستتە ”ئىمام“دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ يەردىكى ”ئىمام“ نىڭ مەنىسى ”ھەدىسشۇناس، ھەدىس ئالىمى، ھەدىس پېشۋاسى“ دېگەن بولىدۇ. لېكىن مۇئەللىپ بۇ يەردە ئۇلارنى ”ئىمام“ دەپ ئاتاش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئېنىق تىلغا ئالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى يۇقىرىقى ھەدىسنى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقاندا، رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ”ئۆزى جاۋابكار“، ”توغرا بولمىغان تەقدىردىمۇ“ دېگەن ئىزاھىنى بېرىپ، مەزكۇر ھەدىسكە تازا ئىشەنچ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. روشەنكى، مۇئەللىپ ئۆزىگە ئۇستاز يوللۇق ھەدىس پېشۋالىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىشنى ئەپ

كۆرمىگەن، ئۇلارنى ئايىغان.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»دا: ”**مېنىڭ بىر قوشۇنۇم بولۇپ، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى مەشرىققە جايلاشتۇردۇم**“ دېگەن ھەدىسنى كەلتۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى بۇ ھەدىسنى ئىنتايىن توغرا دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ”ھۈسەيىن خەلەپتىن تەلىم ئالدىم“ دەپ ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارا تىلغا ئالغان. «ھەدىس قۇدسى» رىۋايەت قىلغۇچى ھۈسەيىننى مەھمۇد قەشقەرى ”شەيخ، ئىمام، زاھىد“ قاتارلىق ئۈچ سۆز بىلەن سۈپەتلەيدۇ. بۇ يەردىكى ”شەيخ“ نىڭ مەنىسى ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىستىلاھى بويىچە ئېيتقاندا، ”ھەدىس ئىلمىدا تونۇلغان ئۇستاز“ دېگەن بولىدۇ. ”ئىمام“ بولسا، ئىلىم-پەننىڭ بىرەر تۈرىدە ئۈزۈپ چىقىپ، شۇ پەننىڭ مۇتەخەسسىسى بولغان ئادەمگە قارىتا ئېيتىلىدۇ، بۇ يەردە ”ھەدىس ئىلمىنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان مۇتەخەسسىسى“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ”زاھىد“ تەقۋادار مەنىسىدە، بۇنىڭدىن ”تەقۋادار ئادەم ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا يالغاننى ئارىلاشتۇرمايدۇ“ دېگەن مەنە چىقىدۇ. «دىۋان»دا «حسين بين الكشغري» يەنى ”قەشقەرلىك خەلىپە ئوغلى ھۈسەيىن“دەپ تىلغا ئېلىنغان. تارىخىي مەنبەلەردە بولسا ”ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبنى خەلەف“ دەپ تىلغا ئېلىنغان. ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ تەرجىمھالى يېزىلغان ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارالغان «مىزانۇلئىتىدال» (ھەدىسشۇناسلارنىڭ تەرجىمھالى)دا ئۇ ”ئەڭ زىرەك ھۈسەيىن ئىبىن ئەل كاشغەرى“ دەپ ئېلىنغان. «مىزانۇلئىتىدال» كىتابىدا «ئەلمەئى»(زىرەك) دېگەن سۆز ھۈسەيىننىڭ سۈپىتى قىلىپ ئېلىنغان. «مۇلھەقاتۇسسۇراھ» (سۇراھ لۇغىتىنىڭ قوشۇمچىسى)دا ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئابدۇغەففارنىڭ سۈپىتى قىلىپ ئېلىنغان. ئۇنىڭ«مۇلھەقاتۇسسۇراھ»نىڭ مۇئەللىپىدىن يېرىم ئەسىرچە بۇرۇن ئۆتكەنلىكى ۋە ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى خەلەفنىڭ يۇرتدىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇنىڭ سۆزى باشقىلارنىڭكىدىن ئىشەنچلىكرەك دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. جامال قارشى «سۇراھ»لۇغىتىنىڭ مۇلھەقاتى (قوشۇمچىسى) دا ”ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف كاشغەرى“ دېيىلگەن. دېمەك، «دىۋان»دا ھۈسەيىننىڭ دادىسى بولغان ”ئەلى“ سۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ھۈسەيىننىڭ بوۋىسى ئۇنىڭ دادىسى قىلىپ قويۇلغان. ھۈسەيىن ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان زور ئالىم بولۇپ، باغدات ۋە قەشقەرلەرنىڭ مەدرىسلىرىدە نۇرغۇن تالىبۇلئىلىملەرگە دەرس ئۆتكەنتەكەن. تەفسىر ۋە ھەدىسكە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. مىلادى 1093-يىلى(ھىجرىيە 486-يىلى) قەشقەردە ۋاپات بولغان، ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەفنىڭ زىرەك ئابدۇلغەففار دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاشلا توشقان ئالىم بولغان، تەفسىر ۋە ھەدىسكە ئائىت ئەسەرلەرنى تەسنىف قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قەشقەردە دادىسىنىڭ ھوزۇرىدا دەرس ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنى شۇ زاماننىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان خان چاقىرىپ ئۇلاغ ئەۋەتىدۇ. ئەبدۇغەففار يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلاغدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، شۇ جايدىلا جان ئۈزىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى قەشقەرنىڭ سىرتىدىكى ”يەتتە قىبلە“ دېگەن جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. ئابدۇغەففارنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەفمۇ ”يەتتە قىبلە“ دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەنە شۇ ئابدۇغەففار«تارىخ كاشغىر» («قەشقەر تارىخى») كىتابىنى يازغانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب ھازىرغا قەدەر بايقالغىنى يوق. ئابۇغەففارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەفنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھېچقايسىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

مەھمۇد قەشقەرى«مۇقەددىمە»دە يەنە: ”تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى“نى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئابدۇراھمان خەلىل ئىبىن ئەھمەد تەسنىف قىلغان «كىتابۇلئەيىن» ناملىق لۇغەتتىكىدەك «دىۋان»غىمۇ ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنى كىرگۈزۈشنى ئويلىغانلىقىنى، مۇنداق قىلغاندا دىۋاننىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولىدىغانلىقىنى، لېكىن سۆزلەرنى ئوڭاي تېپىش، كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە ئىخچاملىق قاتارلىق جەھەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنى ئالمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ(«دىۋان»، 1-توم، 6-بەت). بۇ يەردە دىققەتكە سازاۋەر ئىنچىكە بىر نۇقتا شۇكى: مۇئەللىپ تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەرەب ئالىمى ئابدۇراھمان خەلىل ئىبىن ئەھمەدنىڭ چوڭ ھەجىملىك قامۇسى«كىتابۇلئەيىن»گە ئوخشاش، ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا «دىۋان»نى يازغان بولسام تېخىمۇ ئەتراپلىق بولاتتى، دەيدۇ. ئەسلى تېكىستتىكى «او عب»سۆزى ”تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ ئەتراپلىق“ دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. («دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە، بۇ سۆز قانداقتۇر «تېخىمۇ تەرتىپلىك» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ قالغان). بۇنىڭ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى زامانىدىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈركىي تىللاردىكى ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىلىدۇ. ئابدۇراھمان خەلىل ئىبىن ئەھمەدنىڭ «كىتابۇلئەين» كىتابى 48 جىلد قىلىپ يېزىلغان. مۇنداق زور ھەجىملىك قامۇس بىلەن ئىككى تىل بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا تەمسىل قىلىنىپ، «دىۋان»نىڭ ھەجىممۇ «كىتابۇلئەين»گە ئوخشاش زور بولۇشى پىلانلانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن مەھمۇد قەشقەرى نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان. بۇ ماتېرىياللار رەتلىنىش، تاللىنىش باسقۇچلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، نۇرغۇن قىسمى شاللىۋېتىلگەن. بۇ نۇقتىنى «دىۋان»نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى ”ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنى ئالدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم“ («دىۋان» 1-توم، 6-بەت) دېگەن ئىككى سۆزدىن بايقىۋالالايمىز. «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە، ”ئالدىم“ دەپ ئېلىنغان سۆز، ئەسلى تېكىستتە ”ئەسبەھەتتۇ“ بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقىملاشتۇرۇش دېگەن مەنىسى بار. ئۇنداقتا مۇئەللىپ: ”قولۇمدا نەقلەشكەن مول سۆزلۈكلەر ياكى مول ماتېرىياللاردىن بىر قىسمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كىتابتىن ئورۇن بەردىم. بىر قىسمىنى بولسا، كىتابقا بېرىشتىن قالدۇرۇۋەتتىم“ دېگەن بولىدۇ. ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر قالدۇرۇۋېتىلمىگەن بولسا، «دىۋان»مۇ «ئەين»كىتابىغا ئوخشاش نەچچە ئون جىلد يېزىلغان بولاتتى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇراھمان خەلىل ئىبىن ئەھمەدنىڭ «ئەين»كىتابى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەر ئۈستىدە، ئەينى زامان ئالىملىرىنىڭ قارىشى ئوخشاش بولمىغان. بەزىلىرى «ئەين»كىتابىدا ئايرىلغان ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەرنى ماقۇللىغان، بەزىلىرى بولسا ئۇنى خاتاغا چىقارغان. مەھمۇد قەشقەرى«ئەين»كىتابىدىكى ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەر توغرىسىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىختىلاپلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نى كىشىلەرنىڭ تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يېزىپ چىققانلىقىنى مۇقەددىمىدىكى بايانلاردىن بىلىۋالالايمىز.

دېمەك، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان»نى يېزىشتىكى مەقسىتى، ئابدۇراھمان خەلىل ئىبىن ئەھمەدنىڭ «ئەين»كىتابىنى يېزىشتىكى مەقسەت بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ «دىۋان»نى يېزىشتا ئابدۇراھمان خەلىل ئىبىن ئەھمەدنى ئۈلگە قىلماي، باشقىچە يول تۇتقان. «دىۋان»نىڭ يوقىلىپ كېتىپ قايتا تېپىلىنىش تەقدىرى، ئابدۇراھمان خەلىل ئىبىن ئەھمەد تەسنىپ قىلغان «كىتابۇلئەين»نىڭ تەقدىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىبنى نەدىمنىڭ «فىھرىست»تە كۆرسىتىشىچە، ھىجرىيە 170-يىلى(مىلادى 787-يىللىرى) يېزىلغان «كىتابۇلئەين» كىتابى ئۆز ۋاقتىدا مەيدانغا چىقالماي، ھىجرىيە 248-يىلى(مىلادى 863-يىللىرى) غا كەلگەندە ئاندىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشەلىگەن. ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئورەيد مۇنداق دەيدۇ: ”خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «ئەين»كىتابى 248-يىلىغا كەلگەندە، بەسرە شەھىرىدە پەيدا بولۇپ قالدى. 50 جىلدلىك بۇ كىتابنى بىر كىتابچى خۇراساندىن 50 تىللاغا سېتىۋېلىپ كەپتۇ. بۇرۇن بىز بۇ كىتابنىڭ خۇراساندا تاھىرىلار خاندانلىقىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. ئەمما نۇرغۇن ئادەملەر مۇنداق كىتابنىڭ ئىشلەنگەنلىكىنى ۋە قەيەردىلىكىنى زادى بىلمەيتتى“ دېگەن. مەتبەئەچىلىك مەيدانغا كەلمىگەن، ئەسەرلەر قولدىن قولغا كۆچۈرۈلۈپ تارىلىدىغان ئەينى زاماندا مۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىللىق خىزمەتلەردىن خۇلاسە يىغىنى ئاچتى

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى چوڭ يىغىن ئېچىپ، 2003-يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسە قىلىپ، بۇ يىللىق دىنىي خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىنغا ھەر قايسى يېزا-بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، تۈرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق دىنىي زاتلار، ھەمدە يېزا-بازارلارنىڭ بىرلىكسەپ، مىللەت-دىن ئىشلىرى كادىرلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 200 نەپەرگە يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىندا يېزا-بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ئارقىلىق تاللاپ چىقىلغان 7 ئىلغار شۆبە ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، شۇنداقلا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش ۋە تارقىتىش قاتارلىق بەش تۈر بويىچە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 74 نەپەر ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

(ئىمىن ساۋۇت)

# قەبرىستان ئىسلاھاتىدىكى نەمۇنە

◉ ھاجى مەھمۇدى

مەن قۇمۇل شەھىرىگە ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغىنىمدا قۇمۇل شەھەرلىك مۇسۇلمانلار دەپنىگاھىنى ئالاھىدە زىيارەت قىلدىم، قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭ بويىچە قەبرىستان ئىسلاھاتى جەھەتتە يېڭىلىق ياراتقىلى نەچچە يىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يېڭىلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى نەچچە يىلدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. چۈنكى مەھەللىلەردە ياكى كىچىك دائىرىدە قەبرىستان كۆپ بولۇشتەك ئەھۋال شىنجاڭدىكى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال ھازىرقىدەك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت 21-ئەسىردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا، بولۇپمۇ ھەممە شەھەر، ناھىيە، يېزىلاردا يېڭىچە تەرەققىيات بولۇۋاتقان، قۇرۇلۇش ئىشلىرى زامانغا ماسلىشىپ، يول قۇرۇلۇشى مەھەللە قۇرۇلۇشى، ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشى، زامانىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، زاۋۇت-كارخانىلار قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئۇزاق يىللىق پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە، مەھەللىلەردە، كىچىك دائىرىدە قەبرىستان كۆپ بولۇشتەك ئەھۋال ھەقىقەتەن ھازىرقى زامانىۋى تەرەققىياتقا ئۇيغۇن كەلمەيۋاتقانىدى، ھەتتا بىر مۇنچە قەبرىستانلار مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا ئەپسىزلىك تۇغدۇرۇۋاتقانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قەبرىستان ئىسلاھاتى، بولۇپمۇ كىچىك كۆلەملىك قەبرىستانلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چوڭ كۆلەملىك زامانىۋى ۋە باغ-ۋارانلىق قەبرىستان بەرپا قىلىپ، ھازىرقى زامانىۋى تەرەققىياتقا ماسلىشىش تەجرىبىسى پۈتۈن شىنجاڭدا ئۈلگە يارىتىپ بەردى. مەن قۇمۇل شەھىرىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ قەبرىستانىنى مەخسۇس زىيارەت قىلىشقا ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ قەبرىستانغا مەركەزدىكى ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشكە غەمخورلۇق قىلغانىكەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى بۇ يەردە شىنجاڭ بويىچە قەبرىستان قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچقانىكەن.

بۇ قەبرىستان 2000-يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلۇش باشلىغان بولۇپ، جەمئىي 860 مودەك يەرنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ قەبرىستانغا ھازىرقى مۆلچەر بويىچە 60 مىڭ قەبرە سىغىدىغان بولۇپ، ھەر يىلى 200 مېيىتنىڭ دەپنە قىلىنىشى بويىچە ھېسابلىغاندا، 350 يىل مۆلچەردە مېيىت دەپنە قىلغىلى بولىدىكەن. ھازىر قۇمۇل شەھىرىدىكى تارقاق جايلاشقان تۆت ئورۇندىكى قەبرىلەر بەنى نەچچە مىڭ قەبرە بۇ ئورۇنغا كۆچۈرۈلۈپ بوپتۇ.

''شەھەر باشلىقى قۇرۇلۇشى''، ''ئەلنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشى'' دەپ تەرىپلەنگەن بۇ قەبرىستان ھەقىقەتەن قۇمۇل شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زامانىۋى، مەدەنىي، مۇھىتى گۈزەل دەپنە ئورنى بولۇپ شەكىللىنىپتۇ. دۆلەت تەرىپىدىن 10 مىليون يۈەندەك مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان بۇ زامانىۋى دەپنىگاھتا ھازىر 700 مودىن ئارتۇق يەر تۈزلىنىپ، ئىككى كىلومېتىردىن ئارتۇق ئىھاتە ئورمانلىقى بەرپا قىلىنىپ، 7000 تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك كۆچەت تىكىلىپ، ئۈچ مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق يول سېمونتلاشتۇرۇلۇپ، 300 مېتىردىن ئارتۇق رىشاتكا ئورنىتىلىپ، قەبرىلەر ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن، قۇرۇلۇشى ھەشەمەتلىك، باغچا تۈسىنى ئالغان، ئەسلىھەلىرى زامانىۋى، باشقۇرۇشى قېلىپلاشقان، ئەلا مۇلازىمەت قىلىدىغان، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە كىشىگە ئارام بەخش ئېتىدىغان زامانىۋى قەبرىستان تۈسىنى ئاپتۇ. بولۇپمۇ بۇ قەبرىستانىنىڭ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى، جۈملىدىن كۆلىمى مىڭ كۋادرات مېتىردەك كېلىدىغان نەزىر-چىراغ زالى، مۇلازىمەت ئىشخانىسى، ئارامخانىسى، ئاشخانىسى، مېيىت يۇيۇش ئۆيى، مېيىتنى سوغۇق ساقلاشخانىسى، ئالاھىدە سېمونتلاشتۇرۇپ ياسالغان مېيىت نامىزى چۈشۈرۈش مەيدانى، مەسچىت قاتارلىق ئەسلىھەلىرى، شۇنداقلا باغ-ۋارانلاشقان، رەتلىك

www.uyghurkitap.com

قەبرىستانى، باراك تۇسىنى ئالغان قەبرىستان يوللىرى كىشىگە زامانىۋى قەبرىستان ئىكەن دېگەن تۇيغۇنى بېرىدۇ. شەھەر باشلىقى ئابدۇرەھىم ئابلىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بۇ قەبرىستاننى بەرپا قىلىشىدا، ھازىرقى زامانىۋى تەرەققىياتقا ئۇيغۇنلىشىش كۆزدە تۇتۇلغاندىن سىرت، چەتئەللەرنىڭ باغۇ-بوستانلىق قەبرىستان قۇرۇلۇشى ئىلھام بېرىپتۇ. قۇمۇل خەلق جامائىتىدىن ئىگىلىشىمچە، ئاتا-بوۋىسىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن كىچىك كۆلەملىك مەھەللىۋى قەبرىستاننى يۆتكەش دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەنىكەن، ئەمما ئەسلىدىكى قاقاس، تارقاق ھالەتتىكى قەبرىستانغا دەپنە قىلىنىشتىن كۆرە، ھازىر باغ-ۋارانلاشقان، رەتلىك ۋە نۇرغۇن قەبرىلەر قاتار تىزىلىپ، قەبرە زىيارىتىگە بارغۇچىلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن تەلەپ قىلغان دۇئا-تىلاۋىتى ئۇ يەردە ياتقان ھەممە مېيىتلەرگە يېتىدىغان، ھەممە دەپنە ئىبادەتلىرى ۋە مۇراسىملىرىنى مۇكەممەل بېجىرگىلى بولىدىغان مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان بۇنداق ئۇنىۋېرسال قەبرىستانغا دەپنە قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ. بولۇپمۇ قەبرىلەرنىڭ ئىسلامىيەت تەلىپى بويىچە ئوخشاش، رەتلىك بىر خىلدا بولۇشى، قايسى تەبىقىد[illegible] دەرىجىدىكى ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ تائالا ئالدىدا بەندىلەرنىڭ باباراۋەرلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكى قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىدا ئالاھىدە تەسىر پەيدا قىلىپتۇ. بۇ قەبرىستاندا، قەبرىلەر ئەسلىدىكى ئىسلام ئەنئەنىسى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئادەتتىكىدەك ۋە ئوخشاش كۆلەمدە بولۇپ، ھەشەمەتلىك، گۈمبەزلىك قەبرىلەر يوق ئىكەن، ھەر كىمنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئىش-ئىزلىرى پەقەت قەبرە بېشىغا تىكلەنگەن قەبرە تېشىدا ئىپادىلىنىدىكەن.

## بىر تۈركۈم تالىپلار چەت ئەللەردىكى دىنىي ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇشقا يۈرۈپ كەتتى


**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى** : جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىلىرىنىڭ تاللىشى بىلەن بىر تۈركۈم تالىپلار مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، پاكىستان خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئومان شەرىئەت دارىلفۇنۇنىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇشقا تاللانغاندى . بۇ تالىپلاردىن بىرىنچى تۈركۈمدە شىنجاڭلىق نۇرمۇھەممەت مەسئۇد ئومان شەرىئەت دارىلفۇنۇنىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ 2003-يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا ئومانغا بېرىپ ئوقۇشنى باشلىغاندى . ئىككىنچى تۈركۈمدىكى 23 نەپەر تالىپ مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا 2004-يىل 1- ئايدىن باشلاپ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئوقۇشقا يۈرۈپ كەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭلىق تالىپلاردىن شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن تاللىۋېلىنغان ئابدۇرېقىپ ئابدۇغېنى، مۇھەممەد بارات، قۇرمانتاي سۇلتان؛ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن تاللىۋېلىنغان ما ۋېنجۇن قاتارلىق تۆت نەپەر تالىپ بار بولۇپ، ئۇلار مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىگە بېرىپ ئوقۇشنى باشلىۋەتتى.

### يېشىللىققا چۆمكەلگەن قەبرىستان

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى** : ئىگىلىشىمىزچە، ئاقسۇ شەھەرلىك دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسى 450 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ''كىرىش'' مۇسۇلمانلار قەبرىستانىنىڭ مۇھىتىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، ئۆتكەن يىل ئۈچ مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت بەرپا قىلغان. بۇ كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 90 پىرسەنتكە يەتكەن. پىلانلىنىشىچە، بۇ يىل بۇ قەبرىستان ئەتراپىدىكى يول بويلىرىغا گۈل-گىياھ، ئوت-چۆپ تېرىلىپ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى باغچىلاشقان قەبرىستان قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدىكەن.

# كۇچا قىغدۇڭ جامەسى

ھۈسەيىن ئىمىن ھاجى



كۇچا ناھىيىسىدىكى قىغدۇڭ جامەسى كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، قۇرۇلۇشىنىڭ كۆركەملىكى ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ قەدىمكى نۇسخىلىرىنى مۇكەممەل، پۇختا ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن جامائەتچىلىكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ئەمگەكچان كۇچا خەلقى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خاقانى ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئوغلى سۇلتان خاننىڭ نامىدا ھىجرىيە 968-يىلى (مىلادى 1560-يىلى) كۇچا قاغاقوندى دۆڭ جامە، مەسچىت-مەدرىسلىرىنى سالدۇرغان. ھىجرىيە 1079-يىلى (مىلادى 1668-يىلى) كۇچالىق ئابدۇللاخان پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلىپ سۇلتان ئابدۇكېرىمخان نامىدا سېلىنغان ئەسلىدىكى جامەنى كېڭەيتىپ مەسچىت، جامە، مەدرىس سالدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئىشخالا مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، ئۆز زامانىسىدا تونۇلغان بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، ئىخلاسمەن كۆز دوختۇرى مۇھەممەد ئىبنى شېرىپ ھاجىم ھىجرىيە 1139-يىلى (مىلادى 1726-يىلى) پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلىپ بۇ جامەنى ئۆز زامانىسىغا لايىقلاشتۇرۇپ كېڭەيتىپ سالدۇرغان. ئۇ سالدۇرغان كۇچا قىغدۆڭ جامەسىنىڭ مەدرىسىسىدە ئاتاقلىق تارىخچى، ئۇيغۇر ئالىمى موللا مۇسا سايرامى بىر مەزگىل دەرس ئۆتكەن.

كۇچا ۋاڭى مىلادى 1881-يىلى كۇچادىكى ناسىر دو بېگى ھاجىم بىلەن مەبلەغ قوشۇپ، قىغدۆڭدىكى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن جامە ئورنىغا مەخسۇس جۈمە نامىزى ۋە ئادەتتىكى بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان جامە مەسچىت سالدۇرغان. بۇ جامەنىڭ مەدرىسلىرى ئايرىم-ئايرىم بۆلۈملەرگە بۆلۈنگەن. مۇشۇ مەدرىسنى پۈتتۈرگەن مەشھۇر دىنىي ئالىم ئىبراھىم قۇززات ئىبنى قۇتلۇق ھاجىم بۇ جامەنىڭ مەدرىسىگە مۇدەررىس بولۇپ، تالىپلارغا «ئىلمى سەرپ»، «ئىلمى نەھۋى»دىن باشلاپ، بالداقمۇ بالداق ئۆرلىتىپ ئىلمى مەنتىق، ئىلمى فارايىز، ئىلمى نۇجۇم، ئىلمى تىبابەت قاتارلىق ئىلىملەرنى، كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن نەۋائى، لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، فۇزۇلى، ھۇۋەيدا، سەئىدى... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى دەرسلىك قىلىپ ئۆتكەن. شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى، شائىر موللا بايىزىلار مۇشۇ مەدرىسلەردە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان.

1925-يىلى 5-، 6-ئايلاردا بۇ جامەگە ئۇشتۇمتۇت ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن. بۇ جامە كۆيۈپ كەتكەندىن كېيىن ناماز ئوقۇش قىيىنغا چۈشۈپ قالغان. يۇرت چوڭلىرى كۇچا ۋاڭىغا كۆيۈپ كەتكەن جامەنىڭ ئورنىغا قايتىدىن جامە سېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ۋاڭ بۇ ئىشنى قوللاپ، بۇ جامەنى قايتا سېلىشنى بەلگىلىگەن ۋە باي، شايار قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئامباللىرىغا يارلىق ئەۋەتكەن ۋە كۇچا قىغدۆڭ جامەسىنى قايتا سېلىشقا مەلۇم ئىقتىساد كەلتۈرۈلگەن. قالغان مەبلەغ كۇچانىڭ ئۆزىدىن ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىنغان. تەكلىپ قىلىنغان قەشقەرلىك ھەسەن ئاخۇن ئۇستامنىڭ لايىھىلىشىدە، ھىجرىيە 1347-يىلى (مىلادى 1928-يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسلۇبىدا ئۇزۇنلۇقى شەرقتىن غەربكە 128·30 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا 114 مېتىر، ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 14 مىڭ 386 كۋادرات مېتىر (21·6 مو ھېسابىدا) كېلىدىغان، 5000 ئادەم سىغىدىغان جامە قۇرۇلۇشى باشلانغان. جامەنىڭ پۈتۈن قۇرۇلۇشىغا كۆك يانتاق يېقىلغۇ قىلىپ پىشۇرۇلغان خىش ئىشلىتىلگەن. ئۇلى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا كولىنىپ تاش، سېغىز لاي بىلەن چىڭدالغان، تاملىرىنىڭ ئۇلىغا 90 سانتىمېتىر كېلىدىغان قېلىپ ياسالغان. ئالدى بىلەن بۇ جامەنىڭ پەشتاق قۇرۇلۇشى لايىھىلەنگەن. لېيىغا گەج، سېغىز، تۇخۇم شاكىلى بىلەن ئارىلاشما لاي ياسالغان، ئۇنىڭغا تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سېرىقىنى

www.uyghurkitap.com

ئارىلاشتۇرۇپ، لاي قىلىنىپ گۈمبەزنىڭ خىشلىرىنى قويۇشقا ۋە سۇۋاقچىلىقتا پەشتاق قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ جامەنىڭ يېشىل سىرلانغان ئىككى چوڭ دەرۋازىسىنىڭ بىرىنىڭ ئىشىكى غەربكە، يەنە بىرىنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارايدىغان قىلىپ ياسالغان. دەرۋازىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە نەقىشلىك گەج ئويما چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى چىرايلىق يېزىلغان؛ رەڭدار بېزەك بىلەن ئۈچ مۇنار لايىھىلەنگەن، پەشتاقنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان ئىككى ئورۇندا پەلەمپەيلىك شوتا بولۇپ، بۇ شوتا مەخسۇس ئۈزۈم ياغىچىدىن بەكمۇ چىرايلىق ۋە مەزمۇت قىلىپ ياسالغان. پەشتاقنىڭ گۈمبەزلىرى نەقىشلىنىپ ھۆسنخەت بىلەن بېزەلگەن. بۇ جامە مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 18.30 مېتىر، مۇنار بىلەن مۇنار ئارىلىقى ئون مېتىر، پەشتاقنىڭ ئېگىزلىكى 16 مېتىر، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى 4.30 مېتىر، كەڭلىكى 3.90 مېتىر. پەشتاقنىڭ گۈمبەزلىرىگە چۆرەلدۈرۈپ سەككىز دانە مېھراب شەكىللىك پەنجىرە بېكىتىلگەن. پەشتاق ئۈستىگە چىقىپ قارايدىغان بولسىڭىز كۇچانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى پۈتۈنلەي كۆرگىلى بولىدۇ. جامە ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى يۈرۈش قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىچكى جامە شەرقتىن غەربكە 12.80 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 19.20 مېتىر كېلىدۇ. جامەنىڭ ئاستى-ئۈستى تاختايلىق بولۇپ، تۈرۈسى بىلەن ئاستىنىڭ ئارىلىقى 6.50 مېتىر كېلىدۇ. تۈرۈسلار ھەر خىل نەقىش ۋە مەنزىرىلىك رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن ۋە چۆرەلدۈرۈلۈپ گەج بىلەن قاپارتما (ناۋا) نەقىش قىلىنغان. مەسچىتنىڭ ئالدى ۋە يان تەرىپىگە 12 دانە ئەينەكلىك چوڭ دېرىزە ئورنىتىلغان، ئالدى تەرەپتىكى چوڭ قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا يەنە ئىككى قوش قاناتلىق ئىشىك ئورنىتىلغان. مېھرابنىڭ چۆرىسى قاپارتما نەقىشلىك بولۇپ، پارس(تەئلىق خەت نۇسخىسى) ھۆسنخەت شەكلى بىلەن «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم» دېگەن كەلىمە گەج ئويما ئۈستىگە ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 45 سانتىمېتىر كەڭلىكتە يېزىلىپ كۆك سىر بىلەن ھەيۋەتلىك كۆركەم سىرلانغان. مېھرابنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئالاھىدە نەقىشلىك قىلىپ ئىشلەنگەن خۇتبە مۇنبىرى قويۇلغان. تاشقى جامە بولسا شەرقتىن غەربكە 43 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا 40 مېتىر تۈرۈسلىرى ۋاسا جۈپلۈك بولۇپ، جەگە-ياغاچلار نەقىشلىك قىلىپ بېزەلگەن، 84 دانە ھەر خىل نەقىشلەنگەن تۈۋرۈك ئورنىتىلغان. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئاستىغا تاشتىن ياسالغان ئۇل قويۇلغان. 12 دانە پەنجىرە ئورنىتىلغان تاشقى جامە بىلەن جامە قورۇسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان گۈل چىقىرىپ ياسالغان سالاسۇنلۇق تام بار. ھازىر بۇ ئورۇن شادىلىق سالاسۇن بىلەن ئىھاتە قىلىندى. بۇ كاتتا جامە ھىجرىيە 1351-يىلى(مىلادى 1932-يىلى) پۈتكەندىن كېيىن جامەنىڭ خاتىپلىقىغا ئابدۇۋارىس خاتىپ ئاخۇنۇم بەلگىلەنگەن، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى خاتىپ مەخسۇم، كۇچا مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قازىسى رەئىس ئىمىن قازى ھاجىم ۋە قازى غوجام قاتارلىق پېشقەدەم مەشھۇر ئالىم ۋە ئۆلىمالار بۇ جامەنىڭ خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1949-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى كۇچادىكى قاتتىق يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە جامەنىڭ گۈمبەزلىرىنىڭ گەجلىرى قومۇرۇلۇپ كەتكەن ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە 2.50 مېتىر يېرىگە دەز كەتكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن بىر قېتىم 1955-يىلى خەلقتىن يىغىلغان مەبلەغ بىلەن ئاددىي رېمونت قىلىندى. 1958-يىلى 8-ئاينىڭ 13-كۈنى كۇچادا يۈز بەرگەن تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىدە بۇ جامە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ قونالغۇسىغا ئايلاندى. 1966-يىلىدىكى ''مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى'' مەزگىلىدىكى قالايمىقانچىلىق بۇ جامەنى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1976-يىلى بۇ جامەنى ''ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى'' قىلىپ بېكىتتى. 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ جامەگە 1982-يىل 15 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ رېمونت قىلدۇردى. 1988-، 1989-يىللىرى ھۆكۈمەت ۋە جامائەت 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىساد بىلەن يەنە بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇردى. جامەنىڭ قورۇسىغا دەل-دەرەخلەر تىكىلىپ، يېشىللىق بەرپا قىلىندى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ''نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى'' قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1994-يىلى بۇ يەردە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ كۇچا قىغىدۆڭ جامەسى شۆبە مەكتىپى قۇرۇلدى. 1994-يىلى 5-ئايدا كۇچا ناھىيە بازىرىدىكى زوھۇرۇللا رەھمان 10 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ، جامەنىڭ پەشتاق ۋە گۈمبەز قىسمىنى رېمونت قىلدۇردى. 2002-يىلى 5-ئايدا كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى لايىھىلىگەن، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا چېرتيوژى سىزىلغان كۇچا قىغىدۆڭ جامەسىنى يەنە بىر قېتىم قايتا چوڭ رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. بۇ قۇرۇلۇشنى 1984-يىلدىن بېرى مەدەنىيەت يادىكارلىق قۇرۇلۇشىنى تەلەپكە لايىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش، رېمونت قىلىش، ئاسراش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ قۇرۇلۇش گۇرۇھى قەشقەر 6-

بىناكارلىق قۇرۇلۇش ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ 6-شۆبە شىركىتى ھۆددىگە ئالدى. قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان بۇ قېتىمقى رېمونت قۇرۇلۇشىدا جامەنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تاملىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاش، ئەسلىگە ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ قايتا قۇرۇش، جامەنىڭ ئۈستىنى قايتا يېپىش، بۇزۇلۇپ چىرىگەن تۈۋرۈك، لىم، جەگە، پاراموق ۋە گوسپىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، قۇرۇلۇش ئۇلىنى مۇستەھكەملەش، جامەنىڭ يەر يۈزى خىشلىرىنى قايتا ياتقۇزۇش، ئىشىك، پەنجىرىلىرىنى رېمونت قىلىش ياكى بۇزۇلغان چىرىگەن ئورۇنلارنى باشقا ياساش، سىرچىلىق قاتارلىقلار تەلەپ قىلىندى. جامە قورۇسى ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئى قىسمىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سەينا قىسمىنى قايتا رېمونت قىلىش قاتارلىق قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان بۇ قۇرۇلۇشنى تەلەپكە لايىق رېمونت قىلىپ پۈتتۈرۈش خىزمىتىگە مەھمۇد كاشغەرى مەقبەرىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى، قۇمۇل ھېيتگاھ مەسچىتى، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا رەھبەرلىك قىلغان، بېشىدىن كۆپ تەجرىبە ئۆتكۈزگەن شىركەت باش ئىنژېنېرى خۇداۋەدى ئابدۇللا ئەپەندى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان بولۇپ، ئۇ 2003-يىلى 10-ئاينىڭ 21-كۈنى زىممىسىدىكى بۇ مۇشكۈل خىزمەتنى ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ،



مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ يۇقىرى باھاسى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە، كوچادىكى ئومۇمي خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ھازىر بۇ جامە ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ بەخىتەر، ئىشەنچلىك دىنىي پائالىيەت سورۇنى، ناھىيمىزگە كېلىپ كېتىدىغان مېھمانلارنىڭ مۇھىم زىيارەتگاھىغا ئايلاندى.

*سۈرەتنى تەمىنلىگۈچى. كوچا ناھىيىسىدىن مۇھەممەد ئەھمەد

(ئاپتور. كوچا ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى. شەمشىدىن ھاجى)

## «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مەدھىيە

✍ ئابدۇكېرەم قارىم

مۇسۇلمانلار قولىدا ئىسلام ژۇرنىلى،
ھەر ۋاقىت ئوقۇيدۇ بىلىم ئالغىلى.
ئۇنىڭدىن ھەر كىشى تاپسا ھىدايەت،
بولىدۇ بىدئەتتىن يىراقلاشقىلى.

بىلىم بىر ئاچقۇچتۇر زەپەر قۇچۇشقا،
بىلىم بىر ۋاستىدۇر قۇدرەت تېپىشقا.
بىلىم ئۇ پەرزدۇر ھەر بىر مۆمىنگە،
نادانلىق سەۋەبتۇر خاراب بولۇشقا.

بۇ ژۇرنال بېرىدۇ بىزلەرگە ئىلىم،
ھەر سانى بولىدۇ مەنىۋى ئوزۇق.
ئىلىمدىن روھلىنىپ ياشايلى دائىم،
خوراپات تاشلانسۇن بولۇپ قۇپقۇرۇق.

ژۇرنال بۇ، سەر خىلى تاللاپ ئوقۇشنىڭ،
ئىسلامىي بىلىمدىن ۋاقىپ بولۇشنىڭ.
ژۇرنال بۇ، قەلبىنىڭ يورۇق باغچىسى،
مەكتىپى ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشنىڭ.

ئەي ژۇرنال، بىز سەندىن تولىمۇ رازى،
سېنىڭدە ياڭرايدۇ ياخشىلىق سازى.
ئاڭلىنار بىزلەرگە ئىسلام ئاۋازى،
سەھىپەڭ گوياكى دىل ئارامگاھى.

تەشەككۈر ئېيتىدۇ ساڭا مۇشتەرى،
چۈنكى سەن ھەممىنىڭ يېقىن سىردىشى.
تىلەيمىز، گۈللەنگىن، قىممىتىڭ ئاشسۇن،
تۆھپەڭنى يادىكار قىلسۇن ھەر كىشى.

(ئاپتور.يەكەن ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى. ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)



# «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى — ئىناق-ئىتتىپاقلىق مەشئىلى

(«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 70 سان چىققانلىقىغا مۇبارەك)

* غوپۇرجان شېرىپ

**﴿ھەممىگىلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار﴾**

مانا بۇ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مۇقاۋىسىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى ئەنگۈشتەر، مانا بۇ مۇقەددەس كالامۇللاھ، ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتى، شۇنداقلا كاتتا مەرھەمىتى.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇرچە بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئىزچىل نەشر قىلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشتى. شۇنداقلا بۇ ژۇرنالنى روياپقا چىقىرىش جەريانىدا كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى، ئالىم-ئۆلىمالار، تەھرىر-ھەيئەتلەر ئاز بەدەل تۆلىمىدى. مەزكۇر ژۇرنال بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ گۈللىنىپ، مەنىۋىيەتنىڭ بىر گۈزەل باغچىسىغا ئايلانغۇسى.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ ژۇرنال مەزمۇنىنىڭ ساغلاملىقى، ئىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئاممىباپلىقى، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، مۇقاۋىسىنىڭ كۆركەملىكى، سۈرەتلىرىنىڭ نەپىسلىكى، خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە باشقا ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە، زوقلىنىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى ئېشىپ، مۇشتەرىلەرنىڭ زوقىنى ئاشۇرۇپ، قەلبلىرىنى پاكلاپ، ئىمانىنى نۇرلاندۇرماقتا. كۆپلىگەن ئاپتورلارنىڭمۇ قەلەم قۇۋۋىتى كۈرۈنەرلىك ئېشىپ، تېما بىر بولسىمۇ ئۇنى كۆپ تەرەپتىن بايان قىلىپ بېرەلەيدىغان، يېڭى بىلىم، يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولدى؛ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ھەر خىل ھادىسىلەرنى تىلغا ئېلىپ، ياخشى-يامىنىنى ئايرىپ، ئۇنى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ئارقىلىق دەلىللەپ بېرەلەيدىغان بولدى.

مۇھەررىرلەرمۇ ئۆزىنىڭ "نامسىز قەھرىمان"لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ياش ئاپتورلارنىڭ ماقالىلىرىنى زېرىكمەي، ئەستايىدىل تەھرىرلەپ چىقماقتا. بولۇپمۇ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى تۆۋەنرەك، خېتى سەترەك، ماقالىسىنى قايسى ئابزاس، قايسى بۆلەككە ئايرىپ يېزىشنىمۇ بىلمىگەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىپ تۈزەپ، توغرىلاپ، ماقالىسىنىڭ سەۋىيىسى بەك يۇقىرى بولمىسىمۇ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەرمەكتە؛ قىسقىسى، ۋەتەن، مىللەتكە، شۇنداقلا ئىسلام دىنىمىز ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشماقتا. مەن ئۇلارغا ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر، ئۆمرىگە رىزىق-بەرىكەت تىلەيمەن.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى بىر باغچە بولسا، ھەر بىر سەھىپىسى شۇ باغچىدىكى بىر دەستە گۈل.

1- گۈل — "ئاللاھدە خەۋەرلەر" سەھىپىسى. بۇ سەھىپە دىنىي زاتلارغا، بولۇپمۇ چەت يېزا-قىشلاقلاردىكى جامائەتكە بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى، بۈگۈنكى سىياسەتنى، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىمىزغا بەرگەن ئەھمىيىتى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتىنى خەۋەر قىلىدۇ.

2- گۈل — "ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى" سەھىپىسى. بۇ سەھىپە ھەق دىن بولغان ئىسلام دىنى بىلىم خەزىنىسى بولۇپ، ئۇستازىمىز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى ۋە ئىسلام ئىلمىگە خېلى تونۇشقان بەزى ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشقا، دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇقتەك يېتۈك ئالىملار ۋە بەزى خۇيزۇ ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنىپ، مۇسۇلمان خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىۋاتىدۇ.

3- گۈل — "ئىسلام ئەقىدىلىرى" سەھىپىسى. "ئەقىدە" سۆزى "پەرۋىش قىلماق، ئىخلاس قىلماق، كۆيۈنمەك" دېگەن

مەنىلەرگە ئىگە. بۇ سەھىپە ئىسلام دۇنياسىدىكى كىشىلەرگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن دېگەندە، ھەر بىر مۇسۇلماندا ئەقىدە بولغاندا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالايدۇ. ئەقىدە بولغاندا ھەق دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ''ئىسلام ئەقىدىلىرى'' سەھىپىسى بىزنىڭ ئىمانىمىزنى پەرۋىش قىلىشىمىزغا ياردەمچى بولالايدۇ.

4- گۈل — ''«قۇرئان كەرىم»تەتقىقاتى'' سەھىپىسى. بۇ سەھىپە بىپايان دېڭىز-ئوكياندا گۆھەر سۈزۈۋاتقان غەۋۋاسلارنىڭ ئۆز گۆھەرلىرىنى كىشىلەرگە نامايان قىلىۋاتقان كۆرگەزمە سەھنىسىگە ئوخشايدۇ. بۇ سەھىپە ئاپتورلاردىن(غەۋۋاسلاردىن) زور كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەتقىقات ئىلگىرى دېگەندەك چوڭقۇرلىشالمىغان بولسىمۇ، ئىشىنىمەنكى، زامان تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «قۇرئان كەرىم »دىكى سىر-مۆجىزاتلار ئېچىلىپ، بۇ سەھىپە تېخىمۇ جانلانغۇسى.

5- گۈل— '' ۋەز-تەبلىغ'' سەھىپىسى. بۇ سەھىپە زامانىمىز ئىمام-خاتىپلىرىنىڭ پايدىلىنىشچانلىقى كۈچلۈك سەھىپە. بۇنداق دېيىشتىكى مەقسەت، ھازىر مەسچىتلەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ياش ئىمام-خاتىپلىرىمىزنىڭ بىلىمى بىر قەدەر چەكلىك بولغاچقا، بۇ سەھىپە ئارقىلىق ئۇلار بىلىم ئالىدۇ ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى جامائەتكە يەتكۈزىدۇ.

6- گۈل— '' ئىسلام دىنى ۋە ئائىلە'' سەھىپىسى. بۇ سەھىپىدە ئاپتورلار ئائىلە قېرىنداشلىقى، ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنىلار بىلەن بولغان مۇئامىلە، ئەر-ئايال مۇناسىۋىتى، مېھماندارچىلىق، ئائىلە ئىقتىسادى، ئولتۇرۇش-قوپۇش، سالام-سائەت، نىكاھ، تالاق، ئىددەت، بالا تەربىيىلەش، مىراس، ئادەمگەرچىلىك... قاتارلىق ئىشلاردا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭغا قارىتا دىنىمىزنىڭ ھۆكمى، تەشەببۇسىنى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىفكە ئاساسەن دەلىللەپ چۈشەندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ سەھىپە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا رەھبەردۇر.

7- گۈل — ''ئىسلام دىنى ۋە سالامەتلىك'' سەھىپىسى: بۇ سەھىپىدە ئىسلام دىنىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدى ساغلاملىقىنىڭ مۇناسىۋىتى، مەسىلەن، ناماز ۋە تاھارەتنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىققا، روزا تۇتۇشنىڭ ئاشقازاننى ئاۋلاشقا ۋە نەپسانىيەتنى پاكلاشقا، ئۆشرە-زاكات بېرىشنىڭ نەپسانىيەتنى يېڭىپ روھنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن باشقا، ئىسلام دىنى چەكلىگەن ھارام قىلمىشلار، ھارام يېمەكلىكلەر ۋە زەھەرلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ چوڭ گۇناھلارغا سەۋەب بولۇشتىن تاشقىرى بەدەنگە، روھقا ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكى چۈشەندۇرۇلگەن بولۇپ، ژۇرنال ئىچىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر سەھىپىدۇر.

8- گۈل— '' ئىمام-خاتىپلار مەسئۇلىيىتى''سەھىپىسى. بۇ سەھىپە ئىمام-خاتىپلارنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت، توغرا ۋە خاتا قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئەينەكتۇر.

9-گۈل — '' ئىسلام دىنى ۋە ئۆيغۇرلار''سەھىپىسى. بۇ سەھىپىدە مىللىتىمىز مۇسۇلمانلىرىدىكى ھەر تۈرلۈك بىدئەت ئىللەتلەر، بولۇپمۇ ھەشەمەتخورلۇق، ئىسراپخورلۇق ۋە ئۇنىڭ زىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ نادانلىقلىرى، بۇ سەۋەبتىن بىھۇدە ۋە گۇناھ ئىشنى جىق قىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى ئىككى ئالەملىك زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقى قاتتىق تەنقىدلەنگەن ۋە ئاگاھلاندۇرۇلغان. شۇڭا مەن بۇ سەھىپىنى سۈننەت بىلەن بىدئەتنى، ھالال بىلەن ھارامنى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىغۇچى غەلۋىر سەھىپە دەپ قارايمەن ھەم ئىنتايىن سۆيۈپ ئوقۇيمەن.

10-گۈل— ''مەسچىت-مەدرىسلەر''سەھىپىسى. بۇ سەھىپىدە دىيارىمىزدىكى قەدىمىي مەسچىت-مەدرىسلەر، شۇنىڭدەك نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى سۈرەتلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئىسلامىيەت بىناكارلىقى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتمۇشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ''«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما''،''ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-پەن''، ''ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق''، ''ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز''، ''ياش ئالىملىرىمىز''، ''خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر''، ''ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى''، ''بىلىم گۈلزارى''،'' تۆھپىكار دىنىي زاتلار''، '' ئىسلام دىنى غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدە''، ''مەرىپەتكە ساخاۋەت'' قاتارلىق نۇرغۇن يېڭى سەھىپىلەر ۋە ئىسلامىيەتكە ئائىت ماقال-تەمسىل، ھۆسنخەتلەر بۇ ژۇرنالنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇۋاتقان، ئىناۋىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈۋاتقان ئامىللاردۇر.

ئىشىنىمىزكى، بۇ ژۇرنال بۇندىن كېيىن تېخىمۇ جانلىنىپ، سان-سۈپەت جەھەتتە، ئىلمىيلىك ۋە ئاممىبابلىق جەھەتتە تېخىمۇ يۈكسىلىپ، قەدىر-قىممىتى ئاشقۇسى. مەن ئاخىرىدا يەنە ئىجتىھاتلىق ئاپتورلىرىمىزغا، جاپاكەش مۇھەررىرلەرگە ئاللاھتىن ئەجىر ۋە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت تىلەيمەن.

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسىدىن مەسچىت خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى:ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

www.uyghurkitab.com

## رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن ئىراندا خەلقئارالىق ئىسلام يىغىنىغا قاتناشتى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن داموللا 2003-يىل12-ئاينىڭ 22-، 23-كۈنلىرى ئىراننىڭ پايتەختى تېھران خەلقئارالىق يىغىن مەركىزىدە «ئىسلام دۇنياسىدىكى پۈرسەت ۋە خىرىس مەزمۇنىدا خەلقئارالىق يىغىن»غا قاتناشتى. جۇڭگو، ئامېرىكا، روسىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، ھىندىستان، مىسىر، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، سۇدان، ھىندونېزىيە، مالايسىيا، كورىيە، ئالجىرىيە، لىۋان، ئىراق، بېنگال، پەلەستىن، نىگېرىيە، تۇنىس، يەمەن، تاجىكىستان، ئافغانىستان ۋە ئىران قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئالىم، مۇتەپەككۇرلىرى، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، دىپلوماتلىرى ۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ داھىلىرى بولۇپ 200دىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان پۈرسەت ۋە خىرىسلارنى شەرھلەپ ئۆتتى ۋە مۇنداق دېدى: ھازىر بىز ئۈچۈر دەۋرىدە تۇرىۋاتىمىز، يەر شارىلىشىش دولقۇنى بىز مۇسۇلمانلارنى جىددىي خىرىسلارغا دۇچار قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا بىز كونا قائىدە-يوسۇنلارغا يېپىشىۋالماسلىقىمىز، بىر ئىزدىلا توختاپ قالماسلىقىمىز، يەنى ھەم باشقا جەمئىيەتكە تەئەللۇق ناچار تەسىرلەر ئىچىدە ئېزىقىپ يۈرمەسلىكىمىز، ھەم ئۆزىمىزنىڭ شانلىق تارىخىمىزغا مەستانە بولۇپ، تۇرۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئىسلامىيىتىمىز جەمئىيەتكە كىرىشى، جەمئىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇشى كېرەك، ئىسلام دۇنياسى پۈتۈن دۇنيا بىلەن بولغان مۇلاقات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىسىنى كۈچەيتىشى لازىم. بىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان پۈرسەت ۋە خىرىس ھەرگىز مەلۇم بىر دۆلەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ، شۇنداقلا ھەرگىز مەلۇم بىر ساھە بىلەن چەكلەنمەيدۇ. مەيلى بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ۋە جەمئىيىتىمىز بولسۇن ياكى بىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىمىز بولسۇن، ھەممىسى پۈرسەت ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى يەنە بۇرۇنقى شەكىللەرنى قوللىنىپ ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى يېڭى ئىدىيە، ئەقىل پاراسەت ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تەھلىل ۋە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن داموللا يىغىندا ”دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان جۇڭگو ئىسلام دىنى“ دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە ئىران ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

يىغىن مەزگىلىدە، ئىراننىڭ مەنىۋى داھىيسى خامىنئى بارلىق ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى ۋە قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئىراننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى، ھازىرقى ئىران دۆلەت مەنپەئىتى تۈزۈلمىسى ھەيئىتىنىڭ رەئىسى رافسانجانى يىغىنغا قاتنىشىپ خۇلاسە نۇتقى سۆزلىدى.

## ئىراندا خەلقئارالىق «قۇرئان كەرىم» كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: 2003-يىل 11-ئاينىڭ 1-كۈندىن 13-كۈنىگىچە، ئىراننىڭ پايتەختى تېھراندا «ئىران 11-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق ‹قۇرئان كەرىم›كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۆرگەزمىنى ئىران ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئالاقىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش مىنىستىرلىقى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، كۆرگەزمە دۆلەت ئىچى بۆلۈمى ۋە خەلقئارا بۆلۈم دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. خەلقئارا بۆلۈمگە روسىيە، كۇۋەيت، لىۋان، ئالبانىيە، پاكىستان، ئافغانىستان، گېرمانىيە، سۇدان، جۇڭگو قاتارلىق ئەللەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» خەتتاتلىرى ۋە ئىسلام ئەسەرلىرى نەشرچىلىرى تويلىغان ئەسەرلەر قويۇلغان. دۆلەت ئىچى بۆلۈمدە ئاساسلىقى ئىراننىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمە قىلىنىپ سېتىلغان.

مەملىكىتىمىزدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ گۇاڭلىن باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنغان ئەرەبچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە بەش خىل تىل-يېزىقتىكى «قۇرئان كەرىم» ۋە «قۇرئان كەرىم» گە دائىر 70 خىلدەك ئەسەرنى ئېلىپ بېرىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى. بۇ كۆرگەزمە رامىزان ئېيىدا ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ، كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن ۋە دوستانە بولغان. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە قاتنىشىش مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى، ئىسلام دىنى ئەھۋالى ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنى خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم كۆزنەكلىك رولىنى ئوينىغان.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2003-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26 كۈنىگىچە ئۈرۈمچى كونلۇن مېھمانسارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆلىمالىرى ۋە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 263 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ جيايەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبلەمەجىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇجۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى ۋە خۇ جيايەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرى ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتى ئۈستىدە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ بېيجىڭدىن مەخسۇس كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، بىڭتۇەن پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى.

يىغىندا، 6-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەبەيدۇللا مۇھەممەد نىياز داموللا ھاجى يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلەپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ۋەزىپىسى ۋە كۈن تەرتىپىنى ۋە يىغىننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 6-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى 6- نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، «ۋەتەننى، دىننى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى!» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بېرىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرىنى ۋە تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ۋە خىزمەت نىشانىنىنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويدى. 6-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللەتىپ دامولla ھاجى ‹‹«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا چۈشەنچە» بەردى. ۋەكىللەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى قىزغىنلىق كەيپىياتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى ھەم كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ياخشى پىكىر-تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

12-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 159 نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. ئاندىن بۇ نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ 1-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، كېڭىشىش ئارقىلىق 65 نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان دائىمىي ھەيئەت ۋە 7-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەم باش كاتىپى سايلاپ چىقىلدى (سايلانغانلار ئىسىملىكى ئايرىم بېرىلدى).

يىغىننىڭ چۈشتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن يېپىلىش مۇراسىمىدا سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىندى ۋە «خىزمەت دوكلاتى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى» ماقۇللاندى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبلەمەجىن ئالاھىدە سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن 7-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ھەيئىتىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە بۇ ھەيئەتنىڭ شىنجاڭدىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلماننى يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھاپىز نىيازمۇ نۇتۇق سۆزلەپ، يېڭى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن كۈتىدىغان ئۈمىد-تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىن ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مائەنتەي ئاخۇن يىغىننىڭ يېپىلىش نۇتقى سۆزلەپ، بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق، يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ كۈنى يەنە يىغىندىن سايلانغان دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس تەلئەت تۇرسۇن ھاجىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 7-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، دائىمىي ھەيئەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**7- نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە باش كاتىپىنىڭ ئىسملىكى**

**رەئىس**: ھارۇنخان داموللا ھاجى (قەشقەردىن)
**مۇئاۋىن رەئىسلەر**: تەلئەت تۇرسۇن (ئاپتونوم رايوندىن)
ئابدۇللەتىپ ئابدۇرېھىم داموللا (خوتەندىن)
جۇمە داۋۇد داموللا (قەشقەردىن)
شېرىپجان غوپۇر داموللا ھاجى(ئۈرۈمچىدىن)
ھاجى ئەكبەر قوڭۇر داموللا (قازاق، ئالتايدىن)
ما ئەنتەي ئاخۇن (خۇيزۇ، ئۈرۈمچىدىن)
نىياز قارى ھاجى (قىرغىز، قىزىلسۇدىن)
ئەبەيدۇللا مەمەتنىياز داموللا (بايىنغۇلىندىن)
ئابدۇقادىر ئۆمەر داموللا (غۇلجىدىن)
ئابدۇرېقىپ تۆمۈر نىياز داموللا (ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن)
رەھمىتۇللا ھىدايەت داموللا (ئاقسۇدىن)
**باش كاتىپ**. ئەخمەت ھىمىت (ئاپتونوم رايوندىن)

## ۋاڭ لېچۈەن يېڭى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 2003-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن كېيىن، يىغىندىن سايلانغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كېرىمباي، خۇجيايەن، جاڭ شيۇمىڭ، نۇر بەكرى، فۇ چياڭ، خۇجىخان ھاكىموف، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئابدۇقادىر نەسىردىن، جاڭ يۇجۇڭ قاتارلىقلار سۆھبەتتە بىللە بولدى.

ۋاڭ لېچۈەن يېڭى رەھبەرلىك ئەزالىرىنىڭ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز زىممىسىدىكى مۇھىم مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە يار-يۆلەكتە بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە بولۇپ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى. شۇنداقلا، ئىسلام جەمئىيىتىنى ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. (ماتېرىيالدىن)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيت زىياپەت ئۆتكۈزدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: 2004-يىلى 2-ئاينىڭ 1-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، بېيجىڭدىكى جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمان دوستلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، زىياپەتكە 300دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېڭ (خۇيزۇ)، ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نيۇ ماۋشېن، مۇئاۋىن مۇدىرى چى جىچۈن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇ بېنلى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لۇ شىنخۋا، جۇڭگو خەلقىنىڭ چەتئەللەر بىلەن دوستانە ئالاقە قىلىش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈنزې قاتارلىق رەھبەرلەر زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى بايرىمىنى بىللە ئۆتكۈزدى.

زىياپەتكە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي رىياسەتچىلىك قىلدى. زىياپەتتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن تەبرىك سۆزى سۆزلەپ، جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى قىزغىن تەبرىكلەپ، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلىدى.

تەكلىپكە بىنائەن، مەركەز ۋە بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدىكى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى؛ بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى؛ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى، بېيجىڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدەررىس ۋە تالىپلار ۋەكىلى؛ بېيجىڭدىكى بىر قىسىم مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمان مۇتەخەسسىس-ئالىملار؛ ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلىرى زىياپەتكە قاتناشتى.

## 2004-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ئىبراھىم، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جۇڭشياۋلار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىمادىددىن ۋېن جيەن باش كاتىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەپ، ئىشخانا مۇدىرى نەبى ما جۇڭپىڭ، شىنجاڭ دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئىسلام دىنى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئادەم ماجىنلار مۇئاۋىن باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن 34 كىشىلىك جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 1-ئاينىڭ 5-كۈندىن 2-ئاينىڭ 19-كۈنىگە قەدەر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ ئىشلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ ۋە بىر مۇنچە دوستانە دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ساق-سالامەت ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ھەج تاۋاپىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى ھەم دىنىي خىزمەت، ھەم چوڭ كۆلەملىك خارىجى ئىشلار خىزمىتى بولۇپ، بۇ خىزمەتكە ھۆكۈمىتىمىز ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. شۇڭا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ خىزمەتنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسى دەپ قاراپ، نۇرغۇن ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەشتىن سىرت، ھەر يىلى مەخسۇس خىزمەت ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىپ جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ ھەر يىللىق ھەج خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاپ كېلىۋاتىدۇ. 1986-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىغاندىن بۇيان، 100 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىۋالدى. بۇ ھال ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئارزۇسىدا بولۇپ شارائىت ھازىرلىغان كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزدە ئىجرا قىلىنىۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، خەلقئارادىمۇ ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، بۇ يىل دۇنيا بويىچە مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان 204 دۆلەت ۋە رايون ئىچىدە 190 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن بۇ مۇقەددەس زېمىنغا كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى 2 مىليون 200 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەلدىن كەلگەن ھاجىلار 1 مىليون 420 مىڭدىن ئارتۇق، جۈملىدىن ھىندونېزىيىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇق، پاكىستاندىن 130 مىڭدىن ئارتۇق، تۈركىيە ۋە ھىندىستاننىڭ ھەر بىرىدىن 100مىڭدىن ئارتۇق. شۇنداقلا ئەنگلىيىدىن 25 مىڭدىن ئارتۇق، ئامېرىكىدىن 12 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھەج تاۋاپقا كەلگەن.

بۇ يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىدىن 23 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى 11 مىللەتتىن 4700 دەك مۇسۇلماننى(بۇنىڭ ئىچىدە شىزاڭدىن 13 نەپەر زاڭزۇ مۇسۇلمانمۇ بار) ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇردى. بۇ ھاجىلار 1-ئاينىڭ 5- كۈندىن 2-ئاينىڭ 19-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان 21 ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە كۈنمىڭ شەھەرلىرىدىن يولغا چىقىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا نەچچە مىڭ تارقاق ھاجىلارمۇ مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئالدى-كەينىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلىپ قايتتى. تەيۋەن ئۆلكىسىدىنمۇ 20 دەك مۇسۇلمان ھەج قىلىشقا باردى.

دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەر سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھى بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھەمكارلىششى ئارقىلىق ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ماسلىشىپ، جۇڭگو ھاجىلىرىنى مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ھەج تاۋاپ ۋە زىيارەتكە ئۇيۇشتۇرۇش، ئالدىن ياتاق ۋە ماشىنا تەييارلاش، ئايروپورتتا كۈتۈۋېلىپ يولغا سېلىش، مىنا-ئەرافاتلاردىكى چېدىر- ياتاق، يېمەك-ئىچمەك، قاتناش ئىشلىرىنى ھەل قىلىش، ھاجىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە يولۇققان ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئاخىرىدا ھاجىلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ۋەتەنگە يولغا سېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇلازىمەت خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاپ، جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ۋە

uyghurkitap.com

تولۇق ھەل قىلىنىشىغا قولايلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، 2-ئاينىڭ 1-كۈنى ھاجىلار ئەرافات كۈنىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مۇزدەلىفەدىكى پائالىيەتنى تۈگىتىپ، مىناغا كېلىپ، چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، 160 مىڭدىن ئارتۇق ھاجى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەيداندىكى چوڭ شەيتاننىڭ ئەتراپىدا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن قىستا-قىستاڭچىلىق يۈز بېرىپ، 251 ئادەم دەسسىلىپ ئۆلۈش ۋە 244 ئادەم يارىدار بولۇشتەك ئېغىر ۋەقە كۆرۈلدى. جۈملىدىن جۇڭگو ھاجىلىرىدىنمۇ 40 دەك كىشى يىقىلىپ چۈشۈپ، بۇلاردىن 14 ئادەم يارىدار بولدى ۋە 5 ئادەم قازا قىلدى. مەملىكىتىمىز رەئىسى خۇ جىنتاۋ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىقلار بۇ ۋەقەگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. رەئىس خۇ جىنتاۋ دەرھال مۇھىم يوليورۇق بەردى. تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەج خىزمىتى ئۆمىكىدىكىلەر جۇڭگونىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى مەسئۇللىرىنىڭ مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، ئەھۋالنى تىزدىن ئىگىلەپ، دۆلەت ئىچىگە مەلۇم قىلدى ۋە قازا قىلغۇچىلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكىگە دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەجگە بىللە بارغان ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە ئۆمەك باشلىقى شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى دائىرىلىرى ئۇيۇشتۇرغان بىر قاتار مۇناسىپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

شەمشىدىن ھاجى ۋە ئىمادىددىن ۋېن جيەن 1-ئاينىڭ 7-كۈنى (ھىجرىيە زۇلقەئدە يەنى 11-ئاينىڭ 14-كۈنى) بەيتۇللانى غۇسلى قىلىش (يۇيۇش) مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا مۇشەررەپ بولدى ۋە بەيتۇللانىڭ ئىچىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، دىنىي ئىبادەت ۋە دۇئا تىلاۋەتلەرنى ئېلىپ باردى؛ ھەج مەزگىلىدە يەنە، شەمشىدىن ھاجى قوش ھەرەم شېرىپ خادىمى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فەھد ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ پادىشاھ قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ۋە پادىشاھ زىياپىتىگە داخىل بولدى؛ شەمشىدىن ھاجى يەنە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ھاپىز نىياز، جۇڭگونىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ناسىر چاڭ يى قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا تۈركى بىلەن كۆرۈشۈپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ خېلى يىللارغىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان نەچچە 10 كىشىلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىك
كەلگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە جۇڭگو ھەج خىز
جۇڭگونىڭ دىنىي سىياسىتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى؛ مەككە مۇكەررەمەنىڭ شەھەر باشلىقى دوكتور خالىد بىننى ھەمزە نۇھاسىنى زىيارەت قىلىپ، مەككە مۇكەررەمەدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ جۇڭگو ھاجىلىرىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئۆتۈشلۇق ئادا قىلىنىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن ۋە دوستانە پىكىر ئالماشتۇردى؛ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرى ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىنىڭ رەئىسى ئەلى بىننى ياسىن ئابدۇلمەجىدنى زىيارەت قىلىپ ئۇلارنىڭ جۇڭگو ھاجىلىرىغا ئەلا مۇلازىمەت قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە ھەج مۇلازىمىتىگە دائىر كونكرېت مەسىلىلەر ھەققىدە دوستانە پىكىر ئالماشتۇردى؛ شەمشىدىن ھاجى يەنە دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى مەسئۇللىرىنى زىيارەت قىلىپ، بۇ بانكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىسلام مائارىپى، جۈملىدىن ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى، مۇسۇلمانلار ئومۇمىي باشلانغۇچ مەكتىپى، كەسپىي مەكتىپى، مۇسۇلمانلار تەربىيىلەش مەركىزى قاتارلىقلارغا بېرىپ كېلىۋاتقان خالىسانە ياردەملىرىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە ئىجرا قىلىنىۋاتقان بەزى تۈرلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى. ئۆمەك مەسئۇللىرى يەنە ھەج ۋازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ھەج خىزمىتى خۇلاسە يىغىنىغا ۋە زىياپىتىگە قاتناشتى.

خىزمەت ئۆمىكى يەنە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىر قىسىم جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ياخشى ۋەزىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن خەۋەردار قىلدى. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ بەزى گېزىت-ژۇرناللىرى ھەج خىزمىتى ئۆمىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەربابلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بەردى.

ھەج خىزمەت ئۆمىكى ۋە ھاجىلار 1-ئاينىڭ 5-كۈنى تۇنجى ئايروپىلان بىلەن يولغا چىققاندا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ئايروپورتقا چىقىپ ئۇزاتقان ئىدى. ھاجىلار قايتىپ كەلگەندىمۇ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بېيجىڭ ئايروپورتىغا چىقىپ، ھاجىلارنىڭ ھەج پەرزىنى ئۆتۈشلۇق ئادا قىلىپ ئامان-ئېسەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

(ھاجى مەھمۇدى)

# تۇنجى قارارلىق ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ دىنىي زاتلار كۇرسى ئاياغلاشتى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2003-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدە ئوقۇش باشلىغان تۇنجى قارارلىق ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ دىنىي زاتلار كۇرسىدىكى 47 نەپەر كۇرسانت 2003-يىل 12-ئاينىڭ 4-كۈنى ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈجۈڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى روزى ئىسمائىل، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ يىڭبىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار قاتناشتى. مۇراسىمغا ھاپىز نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى. كۇرسنىڭ سىنىپ باشلىقى ئىسمائىل سەيدۇللا داموللام كۇرسانتلارغا ۋاكالىتەن رەھبەرلەرگە ئۆگىنىش تەسىراتىنى دوكلات قىلدى.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بۇ سىنىپ كۇرسانتلىرىغا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. كۇرسانتلار ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ يەندوڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى بۇ كۇرسانتلار ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە كېلىپ ئۇلارنى يوقلاپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلار بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ، ئۇلارغا غايەت زور ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن. ئۇلار ئوقۇش باشلاش ۋاقتىدا ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇجىيەن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، جاڭ يۈجۈڭ قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى كۇرسنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشقان ۋە مۇھىم سۆز قىلغان، نۇر بەكرى قاتارلىق رەھبەرلەر مەكتەپكە بېرىپ كۇرسانتلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ تۇرغان.

كۇرسانتلار ئوقۇش داۋامىدا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن-نىزام بىلىملىرى، شىنجاڭدىكى دىنلار تارىخى، خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخى، جۇڭگو تارىخى، شىنجاڭ تارىخى، ئىسلام دىنى تارىخى، جۇڭگودىكى مىللەتلەر تارىخى، تىل-ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى، جۇغراپىيە ئاساسىي بىلىملىرى، خەنزۇچە سۆزلىشىش، ئەرەبچە سۆزلىشىش، زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە ئۇنى قوللىنىش قاتارلىق سىياسەت، قانۇن، تارىخ ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرىنى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى، «قۇرئان كەرىم» تەفسىرى پرىنسىپلىرى، «ھەدىس شەرىف»نى تەدبىقلاش پرىنسىپلىرى، ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىنى تەدبىقلاش ئۇسۇللىرى ۋە پرىنسىپلىرى، «قۇرئان كەرىم» تەجۋىدى ۋە قىرائەت پرىنسىپلىرى، «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نى ئۆلچەملىك تەبلىغ قىلىش قاتارلىق دىنىي دەرسلەرنى ئۆگەندى. بۇ دەرسلەرنى ئالىي مەكتەپلەر (جۈملىدىن شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى) ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىم، ئۇستازلار ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەر سۆزلىدى. ئۆگىنىش جەريانىدا، دەرس سۆزلەش، مۇزاكىرە قىلىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، سىناق ئېلىش ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار كىرىشتۈرۈلۈپ قوللىنىلدى.

كۇرسانتلار ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ ئاپتونوم رايون ئىچىدە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئېكسكۇرسىيە زىيارەتتە بولدى. ئوقۇش ئارىلىقىدا ئۈرۈمچى، شىخەنزە، مايتاغ، قاراماي قاتارلىق جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندى. ئوقۇش تاماملىنىش ئالدىدا بېيجىڭ، سەندۇڭ، جېجياڭ، شاڭخەي قاتارلىق ئىچكىرىنىڭ دېڭىز ياقىلىرىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە چوڭقۇر ئەمەلىي بىلىم ھاسىل قىلدى.

ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىدا، مۇئاۋىن باش كاتىپ روزى ئىسمائىل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن بۇ سىنىپتىكى كۇرسانتلارنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۈچ تۈرلۈك تەلەپ ۋە ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن جاڭ يۈجۈڭ سۆز قىلىپ، كۇرسانتلارنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ياخشى ھەزىم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيە ئارقىلىق ئالغان تەسىراتلىرىنى كەڭ مۇسۇلمانلارغا تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىدا، بەش نەپەر مۇنەۋۋەر كۇرسانت تەقدىرلەندى. ئىككى نەپەر كۇرسانت ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيە تەسىراتىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## تۇرپان ۋىلايىتىدە دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىدىكى تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە ئېچىلغان ئۈچ يىللىق 1-قارارلىق دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىغا قوبۇل قىلىنغان تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ۋە 2-قارارلىق دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىغا قوبۇل قىلىنغان تالىپلارنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى 2004-يىلى 1-ئايدا ھەر قايسى ناھىيە(شەھەر)لەرنى بىرلىك قىلىپ ئايرىم-ئايرىم ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك، ناھىيە(شەھەر)لىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىغا تەكلىپ قىلىنغان كونا، يېڭى مۇدەررىسلەر، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان تالىپلار قاتناشتى. مۇراسىمدا ئۈچ يىل ئوقۇش جەريانىدا نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان 53 نەپەر ئۇيغۇر، خۇيزۇ تالىپقا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى ھەمدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 7 نەپەر مۇنەۋۋەر مۇدەررىس ۋە 10 نەپەر مۇنەۋۋەر تالىپ ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى. مۇراسىمدا يەنە 2-قارارلىق تالىپ تەربىيىلەش نۇقتىلىرىدىكى مۇدەررىس ۋە تالىپلارغا تەكلىپنامە ۋە تالىپلىق كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ قېتىم ۋىلايەت بويىچە ھەر بىر يېزا(بازار)نى بىرلىك قىلىپ 31 نەپەر ئۇيغۇر، خۇيزۇ دىنىي زاتنى تالىپ تەربىيىلەشكە تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر دىنىي زات 3 تىن جەمئىي 93 نەپەر ئۇيغۇر، خۇيزۇ تالىپنى تەربىيىلەيدۇ. ئۇلار ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ چەت يىراق جايلىرىدىكى ئىمامى يوق مەسچىتلەرگە ياكى ياشىنىپ قالغان دىنىي زاتلارنىڭ ئورنىغا نۇقتىلىق ئىزباسار قىلىپ تەربىيىلەپ بېرىلىدۇ. تالىپلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ بۇ جەرياندا %70 دىنىي دەرس، %30 سىياسەت، مەدەنىيەت، قانۇن دەرسلىرى ئۆتۈلىدۇ. (شاھمەردان ئىمىنىياز)

## لوپ ناھىيىسىدە 26 نەپەر [illegible] تەربىيىلەندى

2000-يىلى 6-ئايدا لوپ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 10 نەپەر دىنىي زاتقا 29 نەپەر تالىپنى ئۈچ يىل ئىچىدە تەربىيىلەپ چىقىشقا بەرگەن ئىدى. بۇ تالىپلار ئۈچ يىل تەربىيىلەنگەندىن كېيىن 2003-يىلى 10-ئايدا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئۇلاردىن 26 نەپەر تالىپ لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈردى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 3 نەپەر مۇنەۋۋەر دىنىي زات ۋە 6 نەپەر مۇنەۋۋەر تالىپ تەقدىرلەندى.

2003-يىلى 12-ئاينىڭ 6-كۈنى لوپ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قاراردا تەربىيىلەش ئۈچۈن 12 نەپەر دىنىي زاتقا 34 نەپەر تالىپنى شاگىرتلىققا بەردى.

(تۇرسۇنتوختى مەتىمىن)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

❤ **يەكەن ناھىيىسىنىڭ** ئېلىشقۇ بازار تۆگمەنبېشى 3-كەنتى 2-مەھەللىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات **قادىر سېيىت ھاجى** كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپ بېيىغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاشنى ئۇنتۇماي، ئىزچىل ھالدا مائارىپقا سېخىي قولنى سۇنۇپ كەلدى. ئۇ يېقىندا مائارىپقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن، 1000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇ يەنە ھەر يىلى مەھەللىدىكى بەش كاپالەت، نامرات ئائىلىلەرگە 5000يۈەن قىممىتىدىكى ئۇن كۆمۈر، گۆش، كىيىم-كېچەك قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

(ئۆمەرجان مۇھەممەدى)

❤ **يەكەن ناھىيە** چارەك بازار شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى توغراقلىق كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام خاتىپى **توختى يۈسۈپ قارى** ئۆز كەنتىدىكى تەۋەسىدىكى ئىگە-چاقىسىز قالغان ساۋۇت روزى قاتارلىق 7 ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان 3 نەپەر ئاكا-ئۇكىنى 1997-يىلدىن بۇيان ھازىرغىچە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قاتاردا بىللە بېقىپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن باش پاناھ بولۇپ كەلمەكتە. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە بۇ يىل 1-ئاينىڭ باشلىرىدا توغراقلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە 500 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(سادىق قارىم)

❤ **يېڭىشەھەر ناھىيە** خانئېرىق بازىرى 11-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى، يېڭى بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئەمەت غوپۇر قارىم** قوشۇمچە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، بۇلتۇر يىل بېشىدىن بۇ يىل 1-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە ئۆز كەنتىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنلىقى بار 23 نەپەر تۇل، يېتىم-يېسىر، نامرات كىشىگە 2600 يۈەن نەق پۇل، 914 كىلوگرام ئاشلىق، 13 قۇر كىيىم-كېچەك ياردەم قىلغاندىن باشقا يەنە ئىككى نەپەر ئىشسىز ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى تۇرمۇشتا چىقىش يولىغا ئىگە قىلدى. خانئېرىق بازىرى بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئابلىكىم قارى** بۇلتۇر 8-ئايدىن بۇ يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە بازارغا قاراشلىق پىلال 13-كەنتتىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار يېتىم-يېسىر 70 نەپەر نامرات كىشىگە 2500 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلغاندىن باشقا، يەنە بازارغا قاراشلىق پايناپ باشلانغۇچ مەكتەپىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا 440 يۈەن قىممىتىدە 20

جۈپ ئاياغ ياردەم قىلدى. بۇ تۆھپىكار دىنىي زات ئىلگىرى بازار مەسچىتى ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن 1000 يۈەن ياردەم قىلغان ئىدى. (غوپۇرجان ياقۇپ)

❤ **لوپ ناھىيىلىك** ئىسلام جەمئىيىتىدىكى دىنىي زاتلاردىن **سىيىت ئەمەت ھاجى، مەتكېرىم ھاجى، سېيىتئەمەر قارىھاجى، بارات ھاجى** قاتارلىق 61 نەپەر دىنىي زاتنىڭ باشلامچى بولۇپ 650 يۈەن پۇل ئىئانە قىلىشى بىلەن، نامرات دىنىي زات روزى مەھەممەت داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. (نۇرمۇھەممەت مەخمۇت، تۇرسۇنتوختى مەتىمىن)

❤ **ئاۋات ناھىيىسى** تامتوغراق يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار يېقىندا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرلەشمە ئوقۇتۇش بىناسىغا مەبلەغ كەملەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، **ھەمەر ھاجى** 2100 يۈەن، **مەتتۇردى قارى** 1500 يۈەن، **مۇسا ھاجى** 1000 يۈەن، **ئابدۇكېرەم قارى** 800 يۈەن، **ئابدۇراخمان قارى** 500 يۈەن ئىئانە قىلىش بىلەن بىرگە، يېزا تەۋەسىدىكى 45 نەپەر دىنىي زاتمۇ بەس-بەستە ئوخشاش بولمىغان ھالدا ئىئانە قىلىپ، جەمئىي 21 مىڭ 370 يۈەن ياردەم بېرىپ، ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. ئۇلار يەنە يېزا تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات 23 ئائىلىگە 115 كىلوگرام ماي، 31 خالتا ئۇن، 39 خالتا گۈرۈچ، 3 دانە قوي، 3228 يۈەن نەق ئىئانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلدى.
(يۈسۈپجان مۇھەممەد، ھەسەن داۋۇت)

❤ **كۇچا ناھىيە** خانىقا تام يېزا يېڭىيەر كەنت 5-گۇرۇپپا مەسچىتىنىڭ ياردەمچى ئىمامى **قاھار ئابدۇل** ئۆز يېنىدىن 900 يۈەن پۇل چىقىرىپ، يېڭىيەر كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 5 تونا كۆمۈر، پەيلو كەنت چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپى **توختى ھوشۇر** ئۆز يېنىدىن 540 يۈەن پۇل چىقىرىپ پەيلو كەنت (ئۇيغۇر-خەنزۇ) باشلانغۇچ مەكتىپىگە 3 تونا كۆمۈر ئېلىپ بەردى. مازار خانىقا مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئەبەيدۇللا ھوشۇر داموللام** ئۆز يېنىدىن 964 يۈەن پۇل چىقىرىپ، قۇمئېرىق كەنت 3-گۇرۇپپىدىكى نامرات دېھقان قۇربان ئىمىننىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى. بازار كەنت شال ئېلىش زاۋۇتىدىكى ساخاۋەتلىك مۇسۇلمان توختى بېيىغاندا نامراتلارنى، مائارىپنى ئۇنتۇپ قالماي ئۆز يېنىدىن 1240 يۈەن پۇل چىقىرىپ، خانىقا تام ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئائىلىسىدە ئېغىر قىيىنچىلىقى بار 35 نەپەر ئوقۇغۇچىغا قىشلىق چاپان ئېلىپ بەردى.
(تۇرغۇن ئابدۇل)

❤ **ئۈچتۇرپان ناھىيە** ئاقيار يېزا يۇقىرىقى كۆچۈرمە كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئەرمۇللا قارى ھاجى** مەسچىت كىرىمىدىن 590 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ 11 ئائىلىلىك نامراتنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ ئۇلارنىڭ روزا ھېيت ۋە باھار بايرىمىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. تۆۋەنكى كۆچۈرمە كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئابلا قارى ھاجى** ئۆز يېنىدىن 200 يۈەن پۇل چىقىرىپ كېسەل ئازابى تارتىۋاتقان نامرات دېھقان موللىروزى نىيازنىڭ قىشتىن ئامان ئېسەن چىقىشىغا ياردەم قىلدى.
(ئۆمەر ئەيسا، ئەھەت مۆمىن)

❤ **تۇرپان شەھىرى** سىڭگىم يېزا جايغوجام مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنى **تۆمۈر ساۋۇت ھاجى** 2002-يىلدىن بۇيان يېزىنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا 9000 يۈەن، مائارىپقا 600 يۈەن، نامراتلارغا 1500 يۈەن نەق پۇل، 10 خالتا ئۇن ئىئانە قىلدى. يەنە بۇ يېزىغا قاراشلىق قەستۇر مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنى ۋە قانۇنى ۋەكىلى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى **ئابدۇرېھىم مەتنىياز ھاجى** يېزىنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا 5000 يۈەن، ئاجىز، يېتىم-يېسىرلارغا 1300 يۈەن ۋە باشقا خەيرلىك ساھەگە 3000 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇ يەنە ئۆز مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق 47 ئائىلىلىك دېھقانغا سىير كالا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تېزراق بېيىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. (شاھمەردان ئىمىننىياز)

❤ **غۇلجا ناھىيىسىنىڭ** ئۇنيار يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمان ئاممىسى بۇ يىللىقى قۇربان ھېيت مەزگىلىدە خالىسانە ئىئانە توپلاپ، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار نامرات كىشىلەرنىڭ كۆمۈر سېتىۋېلىشى، ئاتىكەم رۇستەم، مېھرىۋانگۈل قاتارلىق ئاياللارنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشى ئۈچۈن 4900 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇندىن باشقا، 17 خالتا ئاق ئۇن، 25 كىلوگرام سۇ مېيى ۋە كېسەك چاي، تاتلىق-تۇرۇم تارقىتىپ بەردى.
(ئابدۇۋەلى ئەخمىدى)

---

**تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ۋىلايەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مائارىپقا ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى.**

2003-يىل 11-ئاينىڭ 5-كۈنى تۇرپان ۋىلايەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېقىندىن قوللاپ، تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ياتاقلىشىپ ئوقۇۋاتقان مۇشۇ يېزىغا قاراشلىق چالقان تاغلىق كەنتى ۋە مورتۇق كەنتىدىن كەلگەن 70 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ياتاقلىشىپ ئوقۇشىدا كارىۋات قىيىنچىلىقى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ مەكتەپكە 18 مىڭ يۈەن قىممىتىدە قوش قەۋەتلىك 40 دانە تۆمۈر كارىۋات ياردەم قىلدى.
(شاھمەردان ئىمىننىياز)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

❤ **يېڭىشەھەر ناھىيە** خانئېرىق بازىرى 4-كەنت 2-مەھەللىدىكى يەككە تىجارەتچى **ھەسەن ھاجىم** قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بازار تەۋەسىدىكى ئالتە كەنتتىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 254 نەپەر كىشىگە 1-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 2-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە 40 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 47 تونna كۆمۈر ۋە 500 خالتا ئاق ئۇن تارقىتىپ بەردى. بۇ ساخاۋەتلىك مۇسۇلمان يەنە ھېيت كۈنى (يەنى 2-ئاينىڭ 2-كۈنى) بىر كالا سويۇپ قۇربانلىق قىلالمىغان كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى؛ خانئېرىق بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى **ياسىن قۇربان** ئۆتكەن يىلدىن بۇيان ئۆز كەنتىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات كىشىلەرگە 2000 يۈەن نەق پۇل، 10 تونna كۆمۈر، 22 جۈپ ئاياق ياردەم قىلدى؛ تازغۇن يېزا قۇلاغىلا 2-كەنت 1-مەھەللىدىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان باقمىچىلىق كەسپى ئائىلىسى **مۇھەممەد ئېلى ياقۇپ** قولى پۇل كۆرگەندىن كېيىن تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە مېھىر-شەپقەت قىلىپ ياردەم قولىنى سۇنۇپ، 2002-يىل يىل بېشىدىن بۇ يىل 2-ئايغىچە كەنت تەۋەسىدىكى نامرات كىشىلەرگە 5000 يۈەن نەق پۇل، 2119 كىلوگرام ئاشلىق، 17 تونna كۆمۈر ياردەم قىلغاندىن باشقا يېزا تەۋەسىدىكى 100دىن ئارتۇق ئادەمگە 83 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىۋېلىشىغا مەدەت بەردى؛ يېڭىئېرىق يېزا 4-كەنت 1-مەھەللىدىكى يولۇچى توشۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان تىجارەتچى **ئەبەي ياقۇپ** بولتۇر 10-ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇيان كەنت تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 8 نەپەر نامرات، يېتىم-يېسىر كىشىگە 1618 يۈەن قىممىتىدە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئاشلىق، كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ يېزىغا قاراشلىق كەنت تەۋەلىكىدىكى قۇملۇق مەكتىپىگىمۇ 1500 يۈەن قىممىتىدە ئوقۇتۇش بۇيۇملىرى ياردەم قىلغان ئىدى؛ خانئېرىق بازىرىدىكى شەخسىي دوختۇر **قۇربانجان تۇرسۇن** 2003-يىل يىل بېشىدىن بۇ يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە بازار تەۋەسىدىكى ۋە قوشنا يېزىلاردىكى 34 نەپەر كىشىگە 2248 يۈەن نەق پۇل، 29 قۇر كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى.

(غويۇرجان ياقۇپ)

❤ **يەكەن ناھىيىسىنىڭ** ئېلىشقۇ بازار يولچى لەڭگەر 13-كەنتى 1-مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق دېھقان **ئابدۇللا ئابدۇرېشىت ھاجى** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باغۋەنچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاشنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويماي، ئىزچىل ھالدا ياردەم قولىنى سۇنۇپ كەلدى. يېقىندا ئۇ قاھغاقلىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پارتا-ئورۇندۇق يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن 1000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى ھەمدە مەھەللىدىكى نامرات بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرگە ئۇن، كۆمۈر، سۇ مېيى، كىيىم-كېچەك، كىگىز ۋە يوتقان-كۆرپە قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياردەم قىلدى. (ئۆمەرجان مۇھەممەدى)

❤ **يەكەن ناھىيە** چارەك بازار تەتى كەنتى 3-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق دېھقان **قادىر كېرەم ھاجى** ئۆز تەۋەسىدىكى بىر قىسىم تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات كىشىلەرگە ئاشلىق ۋە كىيىم-كېچەك ياردەم قىلغاندىن سىرت 2003-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چارەك بازارلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپكە 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى. (سادىق قارىم)

❤ **كېرىيە ناھىيىسىنىڭ** يېڭىباغ يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق يەككە تىجارەتچى **مۇھەممەت ھاجى** يېزا تەۋەسىدىكى ھەر قايسى كەنتلەردىن قىشلىق ئىسسىنىش قىيىنچىلىقى بولغان 23 ئائىلىگە 600 يۈەن قىممىتىدە 1.5 تونna كۆمۈرنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى.

(مەتقاسىم ئابدۇۋېلى)

❤ **شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى** يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە 51-تۇەن 6-لىيەن ئەزاسى **ھاجى مەھەممەت ھاجىم** 10 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، 20 نامرات ئائىلىنىڭ ئىككى بايرامنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى؛ 51-تۇەن بازىرىدىكى **ئارىۋاجىم** ئۆز يېنىدىن 10 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ بىر قىسىم نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىككى بايرامنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشىگە تارقىتىپ بەردى.

(ھەسەنجان قۇربان)

❤ يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە 50-تۇەن 11-لىيەندىكى **ئوبۇل تۇرەك، ياسىن تۇراق** قاتارلىقلار 200 مىڭ يۈەن چىقىرىپ شۇ لىيەنگە ئاسمىلىق كۆۋرۈكتىن بىرنى سېلىپ بەردى؛ ياش باللارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ 600 يۈەنگە گار ئەتتۇرۇپ بەردى؛ قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 1000 يۈەن چىقىرىپ شۇ لىيەندىكى نامرات ئائىلىلەردىن ھال سورىدى. يېقىندا 50-تۇەندىكى روزى مامۇت ئېغىر كېسەل بولۇپ ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، شۇ لىيەندىكى **مەخسۇت نىياز** بىلەن **ئەمەت نىياز** 2000 يۈەن پۇل چىقىرىپ روزى مامۇتنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى.

(رەيھانگۈل تۇراق)

❤ **قورغاس ناھىيىلىك** يېزا ئىگىلىك 4-دېۋىزىيە 62-تۇەن مەيداندىكى ئالدىن بېيىغان ساخاۋەتچى **بىلال كەرىم** مىللىي پەرزەنتلەر مەكتىپىگە بىر كومپيۇتېر، بىر دانە كۆپەيتىپ بېسىش ماشىنىسى، 1000 يۈەن قىممىتىدىكى كىتاب ياردەم قىلدى. بۇ تۇەن مەيدانىنىڭ 1-لىيەندىكى تىجارەتچى **ئابدۇكېرىم شاياخۇن** 68 نەپەر ئوقۇغۇچىغا تەنتەربىيە ئايىقى ياردەم قىلدى. (تۇرسۇنجان تۇردى)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 7- قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر





ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى يىغىندىن سايلانغان ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك ئەزالىرىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.سۆھبەتتە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يىغىندىن سايلانغان دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇن ھاجى ئەھۋال تونۇشتۇردى .




▲ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2003-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.



▲6-نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى خىزمەت دوكلاتى بەردى .



▲ ۋەكىللەر كۆڭۈل قويۇپ دوكلات ئاڭلىماقتا .



▲ ۋەكىللەر يىغىن ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلماقتا.





ئەر- ئايال ۋەكىللەر 7- نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرىنى سايلىماقتا.


# ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما



1160—1180- يىللىرى ئەتراپىدا ئىراننىڭ شەرقىدە ئىشلەنگەن سېرىق مىس، كۈمۈشتىن بېزەلگەن سىيا قۇتىسى.



16-ئەسىردە ئەھلى سەلىب تاجاۋۇزىغا قارشى جەڭ قىلغان ئەلى باتۇرنىڭ جەڭ پالتىسى. ھازىر ئىستانبۇلدىكى تۈرك ئىسلام سەنئىتى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.



16-ئەسىردە ئىشلەنگەن، ياپراق ئالتۇن بىلەن قاپلىنىپ، ياقۇت ۋە زۇمرەت بىلەن بېزەلگەن قەلەم قۇتىسى. ھازىر ئىستانبۇلدىكى توپقاپى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.



1600-يىلى ئىستانبۇلدا ئىشلەنگەن، ئالتۇن ياپراق بىلەن قاپلىنىپ، مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن ئەينەك. ھازىر ئىستانبۇلدىكى توپقاپى مۇزېيىدا ساقلانماقتا .



1320 — 1330- يىللىرى ئەتراپىدا قاھىرەدە ئىشلەنگەن، ئالتۇن، كۆمۈشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئۈستىدە سۇلتان ناسىر مۇھەممەدنى مەدھىيىلەيدىغان ئەرەبچە خەت بار ئىسرىقدان .



1300- يىلى ئىراننىڭ غەربىدە ئىشلەنگەن ئالتۇن ۋە كۆمۈش بىلەن بېزەلگەن شامدان .



1181-يىلى ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن ئالتۇن زەرلىك، مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن ناماز تونى. ھازىر ۋېنا تارىخ مۇزېيىدا ساقلانماقتا .


《中国穆斯林》（维吾尔文版） «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

ISSN 1007-5836
国际标准刊号：ISSN1007—5836 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
03>
国内统一刊号：CN11—1346/B مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
国内邮发代号：（新）58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
771007 83001
国外发行代号：Q1720 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:

公开发行 ئاشكارا تارقىتىلىدۇ
定价：4元 باھاسى: 4 يۈەن